تربية الطفل

حقوق الطفل في الشريعة الإسلامية

# پەرزەنت تەربىيىسى

## پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرى




رەئفەت فەرىيد سۇۋەيلەم

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەسسان غازى



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

تربية الطفل

حقوق الطفل في الشريعة الإسلامية

# پەرزەنت تەربىيىسى

## پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى



رەئفەت فەرىيد سۇۋەيلەم

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەسسان غازى

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

ئۇشبۇ كىتابىمنى دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان ھەربىر پەرزەنتكە؛ بۈگۈنكى كۈندە زۇلۇم ۋە ئەسىرلىكتە ياشاۋاتقان پەلەستىن، ئىراق ۋە باشقا زېمىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ سەبىيلىرىگە؛ بەرىكەتلىك ئىسلامىي ئويغىنىش ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۆسمۈرلىرىمىزگە ۋە بىزلەرگە ۋەدە قىلىنغان نۇرلۇق ئەۋلادلارغا تەقدىم قىلىمەن.

ئۇشبۇ كىتابىمنى يەنە ئىلىملەر دېڭىزى، ياخشىلىق دەرياسى، تىلىنىڭ قورغانى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ سىمۋولى ھەمدە ئىلىم- مەرىپەت بۇلىقى بولغان يۇرتۇمغا ( الله ئۇنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن )؛ ھاياتىمنىڭ باھارى ۋە گۈلتاجى بولغان ئاتا- ئانامغا تەقدىم قىلىمەن. ئۈمىدكى، مەزكۇر ئاددىيغىنە تەتقىقاتىم ئاتا- ئانام ئالدىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك بەزى مەجبۇرىيەتلىرىمنى تولۇقلىغۇسى.

# بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئۆزىنىڭ مۇبارەك كىتابىدا: «ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بىلەن بىزلەرگە خىتاب قىلغان ۋە بىزلەرنى ئىسلام تەبىئىتى ئۈستىدە يارىتىپ، مۇسۇلمان ھالەتتە ياشاشقا مۇيەسسەر قىلغان ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر. الله نىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بىزلەرگە قانداق ئائىلە قۇرۇش ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيىلەش يوللىرىنى كۆرسەتكەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ پاك ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ئەزىز جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن دىننى قوغداپ ئۇنىڭ بىزلەرگە يېتىپ كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان پىداكار ساھابىلىرىگە ۋە تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن بارچە مۇئمىن-مۇسۇلمانلارغا بولسۇن!

قەدىرلىك كىتابخان! كۇفرى ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى، پەن-تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتلەردىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، يۈكسەك تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت، كىشىلىك ئەخلاق ۋە قىممەت قاراش قاتارلىق تەرەپلەردە ئېچىنىشلىق كىرزىسلار ئىچىدە تېپىرلاۋاتقانلىقى، چىرىك مەنىۋىيىتى سەۋەبلىك ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىمۇ پولاتتەك

[1] سۈرە تەھرىم 6- ئايەت.

ھەقىقەتتۇر. ھالبۇكى، كۇففارلارنىڭ دۇنيالىق تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە «ئەقىللىرى لال بولغان» بىر قىسىم ساددا مۇسۇلمانلار سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئەنە شۇ كۇففارلاردەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ ئىدىيىسى، قىممەت قاراشلىرى ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ئاساسىدا تەربىيىلەشكە ھەۋەس قىلماقتا. مانا مۇشۇنداق ئازغۇن ھەۋەس تۈپەيلى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسلامىي تەربىيىلىنىشىگە سەل قاراپ ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق ئىستىقبالىنى نابۇت قىلماقتا.

پەرزەنتلەر ــ الله تائالا ئاتا-ئانىلارغا تاپشۇرغان، مەسئۇلىيىتى بەكمۇ ئېغىر بىر ئامانەتتۇر؛ پەرزەنتلەرنى ئىسلامىي مەنھەج ئاساسىدا تەربىيىلەش ــ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتتۇر. مانا شۇ ئامانەتنىڭ ھەققى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنى ياخشى تونۇۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشى ھەمدە پەرزەنتلىرىنى سەلەف-سالىھلارنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلىشىگە كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى يېتىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇشبۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ قېرىنداشلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

تەرجىمە جەريانىدا ئەرەب تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان قېرىنداشلارغا ئەھمىيىتى يوق دەپ قارالغان قىسمەن لۇغەت تەتقىقاتلىرىنى قالدۇرۇپ قويدۇق. گەرچە تەرجىمە جەريانىدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنى ۋە مۇئەللىپنىڭ مەقسىتىنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئىنسان

خاتالىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە ياكى تەكشۈرۈش جەريانىدا قىسمەن خاتالىقلار كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەمىمىي تەكلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

ﷲ تائالادىن بۇ ئازغىنا ئەمىلىمىزنى پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان خالىس ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

—— تەرجىماندىن

# مۇندەرىجە

تەشەككۇرنامە ........................................ 6

بۈيۈك ئىسلامىي دەۋەتچى، پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇبنىڭ بېغىشلىمىسى ........................................ 11

ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئومۇمىي مەسئۇلى دوكتۇر جەئفەر ئابدۇسالامنىڭ تەقرىزى ........................................ 14

كىرىش سۆز ........................................ 17

مۇقەددىمە ........................................ 23

1- بۆلۈم بالىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى ........................ 38

بالىنىڭ مەنىلىك ھالىتىدىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى ........................ 39

بالىنىڭ ئانىسىنى تاللاشتىكى ھەقلىرى ........................ 44

بالىنىڭ دادىسىنى تاللاشتىكى ھەقلىرى ........................ 65

بالىنىڭ تۆرەلمە ھالەتتىكى ھەقلىرى ........................ 73

2- بۆلۈم بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرى ........................ 91

بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەقلىرى92

بىرىنچى، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن دادىنىڭ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشى ............ 94

ئىككىنچى، بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش......... 96

ئۈچىنچى، بالىنىڭ ئېغىزلاندۇرۇلۇشتىكى ھەققى ........................ 100

تۆتىنچى، بالىنىڭ ئەقىقىدىكى ھەققى ........................ 104

بەشىنچى، بالىنىڭ چېچى چۈشۈرۈلۈشتىكى ھەققى ........................ 110

ئالتىنچى، بالىنىڭ چىرايلىق ئىسىم قويۇلۇشتىكى ھەققى ........................ 113

يەتتىنچى، بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىشتىكى ھەققى ........................ 121

سەككىزىنچى، بالىنىڭ تەدرىجىي سۈتتىن ئايرىلىشتىكى ھەققى ............ 128

توققۇزىنچى، بالىنىڭ نەپىقىدىكى ھەققى .......................... 130

ئونىنچى، بالىنىڭ ۋاكالەتەن پىتىر زاكىتى ئادا قىلىنىشتىكى ھەققى .......... 133

ئون بىرىنچى، بالىنىڭ نەسەبى ئىسپاتلىنىشتىكى ھەققى .................. 135

ئون ئىككىنچى، بالىنىڭ خەتنە قىلىنىشتىكى ھەققى ...................... 141

ئون ئۈچىنچى، بالىنىڭ يۇيۇلۇش، كېپەنلىنىش، جىنازا نامىزى ئوقۇلۇش ۋە دەپنە قىلىنىشتىكى ھەققى .................................... 147

بالىنىڭ سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلامىي تەربىيىلىنىشىدىكى ھەقلىرى ............................ 150

بىرىنچى، بالىنىڭ ئەقىدە تەربىيىسىدىكى ھەققى ........................ 160

ئىككىنچى، بالىنىڭ ئىبادەت تەربىيىسىدىكى ھەققى ...................... 179

ئۈچىنچى، بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ھەققى ........................ 195

تۆتىنچى، بالىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ھەققى ...................... 205

بەشىنچى، بالىنىڭ جىسمانىي تەربىيىدىكى ھەققى ........................ 223

ئالتىنچى، بالىنىڭ جىنسىيەت تەربىيىسىدىكى ھەققى ...................... 231

يەتتىنچى، بالىنىڭ ئىستىراھەت تەربىيىسىدىكى ھەققى .................. 251

سەككىزىنچى، بالىنىڭ ئۆگىنىش تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققى .......... 274

توققۇزىنچى، بالىنىڭ دەۋەت ساھەسىدە تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققى .......... 296

كىتابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى .............................. 309

خاتىمە .................................................. 311

# تەشەككۈرنامە

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «من لم يشكر الناس لم يشكر اللَّه» «كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمىغان كىشى اللە قا شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ»[①] دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۇستازىم ۋە ئاتام شەيخ مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇبقا رەھمەت ۋە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. ئۇ مېنى تەربىيىلىدى، قەلبىمنى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە باغلىدى، اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىشتىكى مول تەجرىبىسى بىلەن مېنى ئوزۇقلاندۇردى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇستازىمنىڭ ئىسلاھ قىلىش يۆنىلىشى بويىچە بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى.

ئۇ ئارىمىزدا ھەقىقىي بىر دەۋەتچىدەك ياشاپ، بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئويغاق ياشلارغا نىسبەتەن مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ئانىنىڭ قەلبىدەك يۇمشاق بولۇپ، ئەنە شۇ ياشلاردىن ھەقىقىي ئەزىمەتلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ سەۋەبلىك دىنىنى چۈشەنگەن، نۇرغۇن ياشلار ۋە شەيخلەر ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ۋە يېتىشىپ چىققان ئىدى.

ئۇ ھايات بەيگىسىدىكى ماھىر چەۋەنداز، رىئاللىقنى چۈشىنىدىغان ئاقىل تەربىيىچى ئىدى. ئۇ دىندار كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىزگە ھەرگىزمۇ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويىدىغان يىرىك مۇئامىلە قىلمايتتى، بەلكى سىزنىڭ غەملىرىڭىزگە خۇددى ئۆز پەرزەنتىگە غەمخان بولغاندەك غەمخانە ئىدى. قايغۇڭىزغا خۇددى دادىڭىز كەبى قايغۇراتتى ۋە «سىز مېنىڭ نەزىرىمدە ئانام ۋە بالىلىرىمدىنمۇ ئەزىز، سىزگە ئىلىم ئۆگىتىش

[①] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، سىز مېنىڭ اللہ ئۇچۇن دوستلاشقان دوستۇم»
دەيتتى.

ھەقنى چۈشەنگەن ياش قېرىنداشلىرىم! ئاتىمىز، شەيخىمىز، ئۇستازىمىز، بۈيۈك دەۋەتچى ئەبۇ ئەلا مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ياقۇبقا سىلەرنىڭ نامىڭلارنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ رەھمىتىمنى بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تونۇشتۇرۇشتا ئەجەم ئۇستاز رىزا سەمەدىنىڭ مۇنۇ سۆزىدىنمۇ ياخشىراق بىر سۆزنى ئېيتالمايمەن: [مىسىردىكى ھازىرقى زامان دەۋەتچىلىرى پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇب (اللہ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالسۇن!) ئېلىپ بارغان يېتەكچى تەربىيىنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىدە ئوخشاش قاراشقا ئىگە. اللہ تائالا شەيخنى ياشلارنىڭ قەلبىگە ياخشى كۆرسەتكەن ئىدى. اللہ تائالادىن شەيخنى ئاخىرەتتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆزىنىڭ راستچىل گۇۋاھچىسى قىلىشىنى سورايمىز. اللہ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

ياشلارنىڭ چۈش ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى شام نامىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەربىيىچى ئۇستازىمىز مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇب (اللہ ئۇنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى مەنپەئەتلەندۈرسۇن!) نىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇ ياشلار دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى زەن قويۇپ تىڭشايتتى، ئۇلاردىن كەلگەن تېلېفون ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. شەيخ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇلارغا تېلېفون قىلاتتى. شام نامىزىدىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە تەربىيە ھەققىدە دەرس

سۆزلىگىلى باراتتى، دەرستىن چارچىغان ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى-دە، كېچە ئۆز قاراڭغۇلۇقىنى يايغان ۋاقىتتا كۇتۇبخانىسىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇيتتى.

ئۇ ئىمام مالىكنىڭ ‹بۇ ئۇممەتنىڭ ئاۋۋالقىلىرى نېمە بىلەن ئىسلاھ بولغان بولسا، كېيىنكىلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ بولىدۇ› دېگەن سۆزىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان بولۇپ، سەلەف-سالىھلارنىڭ مەنھىجى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى خاتىرىلەپ قوياتتى. شەيخ دەۋەتچىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە مەسلىھەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ئۇلارغا سۇنۇشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى. ئەگەر ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلسە، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشتا ھەرگىز ئىككىلىنىپ قالمايتتى.

اللە قا چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇنكى، دەۋەتچىلىرىمىز ياشلار يولۇقۇۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىسلامنى پەيغەمبەر ﷺ دەۋرىدىكى ئەسلى ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن، شەيخ ياشلار يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا خېلى كۆپ كىتابلارنى يازغان بولۇپ، بۇ ئورۇندا مىسال سۈپىتىدە بىر قىسىم كىتابلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1. «كيف أتوب» «قانداق تەۋبە قىلىمەن؟»».

2. «إلى الهدى ائتنا» «ھىدايەت تېپىشتا بىزگە ئەگىشىڭ». مەزكۇر كىتابتا شەرىئەتتىن چەتنەپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە توختالغان بولۇپ، شەيخ بۇ كىتابىدا دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ شەرىئەتتىن چەتنەپ

كېتىشىنىڭ كۆپلىگەن سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا شەرئىي ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3. «نصائح للشباب» «ياشلارغا نەسىھەت».

4. «كيف تواجه الشهوة» «شەھۋەتنى قانداق تىزگىنلەيسىز؟».

5. «الجلدية في الالتزام» «شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشتا چىدامچان بولۇش».

شەك-شۈبھىسىزكى، ياشلار تەربىيىسى ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتابلار رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم تەرەپلەرنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇ مۇھىم تەرەپلەر شۇكى، ئۇ كىتابلار ناھايىتى قىسقا ۋە ئىخچام بولغانلىقتىن، مۇشكۇلاتلار ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. مەسىلىنى شۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇپ قويۇش ۋە بىر خىللا ئۇسلۇبتا بايان قىلىش ياشلارنى قىزىقتۇرالمايدۇ، شۇڭلاشقا بىز ياشلارغا ئۇلار بىلەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە سۆز قىلىشىمىز كېرەك]. [1]

ئى ئېسىل پەزىلەتلىك ئاتا! مەن دائىم ئۈچ دۇئا بىلەن سىزگە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن. الله تائالادىن سىزنى سالامەت قىلىشىنى، خاتىرجەملىكنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىشىنى، ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلىشىنى، ئۆمرىڭىزدە سىز ۋە بىزلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى، سىزنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن، مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ مىكرىدىن، ئاداۋەتخورلارنىڭ

[1] «30 طريقة لخدمة الدين» ناملىق كىتاب 261- ۋە 262- بەتلەر.

ئۆچمەنلىكىدىن ۋە ھەسەتخورلارنىڭ ھەسىتىدىن ساقلىشىنى سورايمەن.

الله سىزنى بىز ياشلارغا الله نى تونۇش يولىنى بىلدۈرگەنلىكىڭىزگە قارىتا ھەقنى چۈشەنگەن ياشلار، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن؛ الله مېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزدىن مەھرۇم قويمىسۇن.

ئوغلىڭىز ۋە ئوقۇغۇچىڭىز ـــ رەئفەت

# بۈيۈك ئىسلامىي دەۋەتچى، پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇبنىڭ بېغىشلىمىسى

ئىنسانىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان، توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلغان، بوۋاقلىق ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى راۋۇرۇس بىر ئىنسان بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلغان، چەكسىز نېئمەت ۋە ياخشىلىقلارنىڭ ئاتا قىلغۇچىسى بولغان اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

اللە تائالا تەرىپىدىن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن دەۋەت قىلغۇچى نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتىلگەن؛ ئەر-ئاياللارنى ھەقىقىي ئىززەتلىك ۋە مەدھىيىلىنىدىغان يولغا (ئىسلامغا) چاقىرغان، ھەتتا ئۇنىڭ چاقىرىقى نارەسىدە باللارنىڭ قۇلاقلىرىغىمۇ يەتكەن؛ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەتىگەن-كەچتە اللە قا ئىبادەت قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە نائىل بولغان؛ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىسى ۋە رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

ئۇشبۇ كىتاب ـــ تەربىيە ساھەسىدىكى مۇھىم تېما بولغان پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدىكى مەنپەئەتلىك بىر كىتابتۇر. بەلكىم، پەرزەنت تەربىيىسى زامانىمىزدىكى ئاتا-ئانىلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىيىن مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.

پاك-دىيانەتلىك ئوغلۇم رەئفەت فەرىيد سۇۋەيلەمنىڭ بۇ مۇھىم تېمىنى تاللىغانلىقى بەكمۇ ئاقىلانىلىك بولدى. ئۇ بۇ كىتابقا كۆڭۈل بۆلدى ۋە بارلىق تىرىشچانلىقىنى سەرپ ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كىتاب ئۆز

ساھەسىدە ئامىباب ۋە مۇكەممەل بىر كىتاب بولۇپ روياپقا چىقتى.

رەئفەت تېمىلارنى بابلارغا بۆلۈش ۋە تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتاب ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر كىتابقا ئايلاندى (الله ئۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن!).

رەئفەت مەزكۇر تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىلمىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش، مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشۇش ئارقىلىق يەنە باشقا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشكە تىلەكداشمەن. شۈبھىسىزكى، الله مۇسۇلمانلارغا قولىدىن كەتكەن ئىززىتى، دۈشمەنلىرى دەپسەندە قىلغان ھۆرمىتى ۋە تارتىۋېلىنغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئەۋلادلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇنداق ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بالىنىڭ ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپ بارلىققا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر مۇسۇلمان كىشى پەرزەنتىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئېنىق تونۇشى كېرەك.

مانا بۇ كىتاب شۇ ھەق-ھوقۇقلارنىڭ قىسىملىرىنى بىلىشنى مۇھىم دەپ قارىغان كىشىگە يېتەرلىك ئوزۇق بولالايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ بارلىق ھەقلەرنى تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە بايان قىلغان توپلام كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

بۇ كىتاب ھەربىر ئۆيدىكى كۇتۇپخانىدا بولۇشقا ۋە ھەربىر ئاتا-ئانا ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك كىتابتۇر. ئۈمىدكى، رەببىمىز الله مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئەمەلىي ھېس

قىلىشنى رىزىق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ ئۇممەتنى قۇتۇلدۇرغۇسى.

الله رەئفەتنى ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلىسۇن، ئۇنىڭ كىتابىدىن ئىسلام ئۇممىتىنى مەنپەئەتلەندۇرسۇن، بىزلەرگە ۋە ئۇنىڭغا سۆز ۋە ئەمەلدە، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلاردا ئىخلاسنى رىزىق قىلىپ بەرسۇن!

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن! بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر.

ــــ مۇھەممەد ھۇسەين ياقۇپ

# ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئومۇمىي مەسئۇلى دوكتور جەئفەر ئابدۇسالامنىڭ تەقرىزى

ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇيۇشمىمىز «ئىدىيىۋى كۆرەش» تېمىسىدىكى قىسىملىق تەتقىقاتىمىزنىڭ بەشىنچى قىسمىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈندۇق. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئىسلام ئۇممىتىگە كېلىۋاتقان ھادىسە ۋە خەتەرلەر مەزكۇر تەتقىقاتىمىزنىڭ بەشىنچى قىسمىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززا قىلغان ئىدى. گەرچە مۇسۇلمان شەخسلەر بۇ ۋەقەنىڭ جىنايەتكارلىرى دەپ قارىلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قارشى بۇنداق ۋەقەلەرنى پىلانلاشقا تامامەن قادىر ئىدى. بۇ قىسىملىق تەتقىقاتلار — دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇممەتنى يوقىتىشتىكى نىشانى؛ ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ چىقىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبلىرىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئۇرۇنۇشلىرى؛ مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەكىل ۋە ھاكىملارنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋاتقان دەھشەتلىك ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى قارار قىلغان ئىش ـ پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇيۇشمىسى ئىسلامنىڭ ئىنسانغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىسىملىق تەتقىقاتلىرىدا ئىنسان ھەقلىرىگە ئالاقىدار تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىنسان ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولغان تېمىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان بوۋاقنىڭ ئىسلامدىكى ھەقلىرىگە

ئالاقىدار بولغان بەشىنچى تەتقىقات تېمىسىنى ئېلان قىلغان. چۈنكى، بوۋاق ــ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قېرىلىق ھالەتلىرىنى باشتىن كەچۈرىدىغان بىر شەخس مەيدانغا كېلىدىغان تۈنجى مايسىدۇر.

ئىنساننىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ تۇنجى ھايات باسقۇچلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بىر دانا مۇنداق دېگەن: «ئىنسان يېتىلدۈرگەن ئادىتى ئاساسىدا قېرىيدۇ». ئەگەر بىز بوۋاقنى كىچىكلىكىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرسەك ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلىپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇتساق، شەك ـ شۈبھىسىز، كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە بولغان مۇسۇلمان ياشلىرىنى الله نىڭ ئىزنى بىلەن بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

الله تائالا ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچىدىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىشتا بوۋاقلىق باسقۇچىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھازىرقى زاماندىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچى ئالىملارمۇ الله تىن باشقىنىڭ بۇنداق قۇدرەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان، ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كەلگەن ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ إِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِنْ مُضْغَةٍ مُخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنْكُمْ مَنْ يُتَوَفَّى وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِنْ بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنْزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنْبَتَتْ مِنْ كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ﴾ «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (الله نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن)

ئابىمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اﷲ تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرۈسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ»[1].

مەزكۇر تەتقىقات كىتابى مۇئەللىپ رەئفەت فەرىيد سۇۋەيلەمنىڭ 2001 ـ يىلى ياخشىلىق ئۈيۈشتۇرغان «ئوقۇغىن» تېمىسىدىكى مەدەنىيەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلغان تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ تەتقىقات كىتابى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۈيۈشمىسى قابىلىيەتلىك ياشلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت اﷲ رازىلىقىنى كۆزلەپ بۇ تەتقىقات كىتابىنى بېسىش خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

[1] سۈرە ھەج 5 ـ ئايەت.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنى ياراتقان؛ بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بەرگەن؛ پۈتۈن شەيئىلەردىن ئىلگىرى بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچبىر شەيئى مەۋجۇد بولمىغان؛ كىيىنلىۋاتقان ۋە يەپ-ئىچىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان پۈتۈن شەيئىلەرنى پەيدا قىلغان اللّٰه تائالاغا خاستۇر. ئۇ زات ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىنساننى ئېتىلىپ چىققان سۇدىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ھەقلەرگە رىئايە قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئەقىلنى ۋە ئاسىي بولۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ھاۋايى-ھەۋەسنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئىنساننى غەمگە تاشلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىيىن تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى تەقدىر قىلىپ ئۇنى ئىمتاھان قىلغان اللّٰه قا چەكسىز ھەمدە ئېيتىمەن، يەغۇس ۋە يەئۇقتىن (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەبۇد قىلىنغان كىشىلەر) يۈز ئۆرۈپ اللّٰه تائالانى يەككە-يىگانە دەپ ئىقرار قىلىمەن، مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللّٰه تائالا ئۇنى باتىل ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر پەيتتە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئازغۇن ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى ئۇ ئارقىلىق يەر بىلەن يەكسان قىلدى. اللّٰه تائالا مۇھەممەد ﷺ گە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ئۇنىڭ ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىققا، فارۇق دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئۆمەرگە، جەننەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگەندىن باشلاپ قىيىن شارائىتلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن سەۋر قىلغۇچى ئوسمانغا، ھاياتىنىڭ مەئىشەتلىرىگە ئالدانماستىن زاھىدلىق بىلەن ئۆتكەن ئەلىگە، نەسەب ۋە تۇغقاندارچىلىقى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ يېقىن بولغان ئابباسقا

تاكى قىيامەتكىچىلىك رەھمەت قىلسۇن.

ئى مەغرىب ۋە مەشرىقنىڭ ئىگىسى الله! بىزنى تۇرلۇك بالايى-ئاپەت ۋە كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلىغىن. بىزگە ئۆز پەزلىڭدىن پاك نازۇ-نېئمەتلىرىڭنى ئاتا قىلغىن، پەزلى-ئېھسانىڭنى بىز ئارزۇ قىلغان ۋە ئىنتىلىۋاتقاندىنمۇ كۆپ قىلىپ بەرگىن، بارچىمىزنىڭ پاراسەت كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ بەرگىن.

ھەقىقەتەن، الله تائالا پۈتۈن كائىناتنى ناھايىتى مۇكەممەل رەۋىشتە، ئىنساننى گۈزەل شەكىلدە ياراتتى. ئىنساننىڭ دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ ياشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كەرەملىك الله ئۆز ئېھسانى بىلەن مۇكەممەل شەرىئەتنى نازىل قىلدى. الله تائالا خۇش بېشارەت بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە شەرىئەتنى ئۆگەتكۈچى ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانغا ئاتا قىلغان پەزلى-ئېھسانىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلدى. ئەگەر ئىنسان شەرىئەتكە ئەمەل قىلسا، بەختلىك بولۇپ نىجات تاپىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلغان بەدبەخت كىشىلەردىن بولىدۇ.

ھەرقانداق ھەقدارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشقا چاقىرىدىغان، كىشىلەرنى زۇلۇم قاراڭغۇلۇقىدىن ئادالەت نۇرىغا ئېلىپ چىقىدىغان، قۇللۇق ئىسكەنجىسىدىن ھۆرلۈككە چىقىرىدىغان، ئىنساننىڭ كەلگۈسى بەخت-سائادەتلىرى ۋە ھەرقانداق يۈكسەك قىممەت قاراشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، ئومۇمەن، ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تەرەپتىكى بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان پاك ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كېلىشى بىلەن مانا بۇنداق تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن.

ئىسلامىي شەرىئەت جەمئىيەتتىكى ھەربىر شەخسنىڭ ھەق-

ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، ئەر-ئايالنىڭ بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىغىمۇ تولۇق كاپالەتلىك قىلغان. شۇنىڭدەك، بالىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئىجتىمائى ھايات ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي يەنە ئىلگىرىكى باشقا شەرىئەتلەردە بولمىغان كۆپلىگەن ھەق-ھوقۇقلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن.

## تەتقىقات تېمىسى

مەزكۇر تەتقىقات بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى كاپالەتلىك قىلغان ھەقلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنداقلا بالىنىڭ ھەقلىرىگە سەل قاراش سەۋەبلىك كەلگۈسىدە يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بالىغا مەسئۇل بولغان ھەربىر كىشىنى ئۇنىڭ ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە قىزىقتۇرىدۇ.

## تەتقىقات ئەھمىيىتى

بۇ تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ گۈزەللىكى، ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ بالىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى مۇكەممەل ئادالىتى ۋە بالىلىق باسقۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلىرىدە بالىنىڭ ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغانلىقىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ھەسسە قوشقانلىقىدا نامايان بولىدۇ. بالىنىڭ بالىلىق باسقۇچىدىكى ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن تۈزۈك بولۇپ پايدىغا ئېرىشىدىغىنى بالا، ئاندىن قالسا ئاتا-ئانا ياكى بالىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر بولىدۇ. چۈنكى، بالىنى

تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ بۇ ھەقلەرنى قوغداشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇ ھەقلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى سەۋەبلىك ساۋابقا ئېرىشسە، سەل قارىغانلىقى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ. بالىنىڭ بۇ ھەقلىرىگە رىئايە قىلغاندا الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭدىن پۈتۈن جەمئىيەت مەنپەئەتلىنىدۇ.

## تەتقىقات پىلانى

تەتقىقاتنىڭ خاراكتېرى تەتقىقاتچىنىڭ پىلان تۈرىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇ كىتابقا مۇناسىپ كېلىدىغان تەتقىقات پىلانى بولسا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ (پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدىكى) پرىنسىپ، چۈشەنچە ۋە ئۇسلۇبلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىشتۇر. ئىسلامىي پرىنسىپلار ئاتا-ئانىلارغا ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەندە، ھەربىر ئاتا-ئانا بالىنىڭ ھەقلىرىنى الله تائالا بۇيرۇغان رەۋىشتە ياخشى ئادا قىلالايدۇ.

شۇنىڭدەك، بالىنىڭ ھەقلىرىنىڭ ساغلام پىترەت (تەبىئەت) تەلەپ قىلغاندەك ۋە شەرىئەت بېكىتكەندەك ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، كەڭ تارقالغان تەجرىبىلەر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشىنىشلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، كىشىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا باھا بېرىدىغان ۋە تەھلىل قىلىپ تەنقىد قىلىدىغان ئۇسلۇبلارنى قوللاندۇق.

## تەتقىقات نىشانى

مەزكۇر تەتقىقاتىمىزنى بۆلۈمگە ۋە بابلارغا ئايرىش ئارقىلىق

تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك نىشانغا يېتىشنى مەقسەت قىلدۇق:

بىرىنچى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىش.

ئىككىنچى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ ھەقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش.

ئۈچىنچى، قۇرئان ۋە سۈننەت ھەمدە سەلەف ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ئاساسىدا، ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇشۇ ھەقلەرگە رىئايە قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتتىكى رولىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

## تەتقىقات يولى

مەزكۇر تەتقىقاتىمىزنى تۆۋەندىكىدەك بىر مۇقەددىمە، ئىككى چوڭ بۆلۈم ۋە بىر خاتىمىگە بۆلدۇق:

مۇقەددىمە: بىز ئۇنىڭدا تەتقىقات تېمىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش ۋە ئوقۇرمەننىڭ بالىلىق دەۋرنى تېزلا تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىشى ئۈچۈن «الطفولة» «بالا» دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى، ئەھمىيىتى؛ «الحق» «ھەق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق.

بىرىنچى بۆلۈم: بالىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى باب: بالىنىڭ مەنىيلىك ھالەتتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى.

ئىككىنچى باب: بالىنىڭ تۆرەلمە ھالەتتىكى ھەقلىرى.

ئىككىنچى بۆلۈم: بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى باب: بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەقلىرى.

ئىككىنچى باب: بالىنىڭ سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەقلىرى.

خاتىمە: بىز ئۇنىڭدا تەتقىقات تېمىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم نۇقتىلارنى يەكۈنلەپ چىقىش بىلەن بىرگە، شۇ ئىشلاردىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھىم تەۋسىيەلەرنى خۇلاسىلىدۇق.

مەزكۇر تەتقىقاتنى نەتىجىلىك روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىم، ئەقلىم ۋە تەپەككۇرۇمنى سەرپ قىلدىم. مەزكۇر تەتقىقاتىمدا بىدئەت پەيدا قىلغان كىشى ئەمەس، بەلكى ھەقكە ئەگەشكەن كىشى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن.

الله تائالادىن ئۇشبۇ كىتابنى روياپقا چىقىرىشقا ياردەملەشكەن بارلىق كىشىلەرگە ياخشى مۇكاپات بېرىشنى سورايمەن.

الله تائالادىن بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە يازغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى مەنپەئەت بېرىشنى، مېنىڭ بۇ تەتقىقات جەريانىدىكى خاتالىقلىرىمنى كەچۈرۈشنى، مېنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىشقا ۋە ئەكسىچە ئىش قىلغانلارغا نەسىھەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن. ئالەملەرگە رەھمەت، ئەگەشكۈچىلەرگە نەمۇنە قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە الله نىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولسۇن (ئامىن!).

# مۇقەددىمە

## ❖ بىرىنچى، «الطفولة» «بالىلىق مەزگىل» نى چۈشىنىش

- «الطفولة» «بالىلىق مەزگىل» نىڭ لۇغەت مەنىسى

«الطفل» «بالا» ـــ ئىنسانىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ـــ ئىنسان ۋە ھايۋاناتلارنىڭ كىچىك بالىلىرىنى ھەمدە بىر قىسىم جانسىز نەرسىلەرنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كۆپلۈكى «أطفال» «بالىلار» دەپ كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنْكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ﴾ «كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن»[1].

«الطفل» دېگەن سۆز بەزىدە ئوغۇل-قىزلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا﴾ «ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ﴾ «ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن»[3]. دېمەك، «الطفل» دېگەن سۆز ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرى ۋە كىچىكلىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھەج 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«الطفل» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بۇ بولسا، ئۇنداقتا بالىلىق دەۋر قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟

- «طفولة» دېگەن سۆزنىڭ شەرىئەتتىكى ئىستىمال مەنىسى

الله تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِنْ مُضْغَةٍ مُخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ﴾ «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (الله نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر»① دېگەن سۆزىنى ياخشى تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا بالىلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىش مۇددىتىنى بېكىتەلەيمىز. بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ھاياتلىق باسقۇچلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە بالىلىق دەۋرىنىڭ بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىپ، بالاغەت (يەنى شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنىش) يېشىغا يەتكۈچە داۋاملىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى — <سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز> دېگەنلىكتۇر، <الطفل> دېگەن سۆز —

① سۈرە ھەج 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىغا ئىشلىتىلىدۇ»[1] دېگەن. ئەبۇ ھەيسەم مۇنداق دېگەن: «بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئېھتىلام بولغانغا قەدەر ‹الطفل› دەپ چاقىرىلىدۇ».

باللار بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ۋە بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەت ئىلگىرىكى مەزمۇننى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِيَسْتَأْذِنْكُمُ الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ وَالَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ مِنْكُمْ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ مِنْ قَبْلِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُمْ مِنَ الظَّهِيرَةِ وَمِنْ بَعْدِ صَلَاةِ الْعِشَاءِ ثَلَاثُ عَوْرَاتٍ لَكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌ بَعْدَهُنَّ طَوَّافُونَ عَلَيْكُمْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، الله سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

«الحلم» ـــ بالاغەتكە يەتكەندىكى ۋاقىتتۇر. ئەگەر بالا بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتلاردىن باشقا ھەرقانداق

---

[1] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القران» ناملىق تەپسىرى 12 ـ توم 12 ـ بەت.

[2] سۈرە نۇر 58 ـ ئايەت.

ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىشى شەرئىي جەھەتتىن مۇباھتۇر. لېكىن، بالىنىڭ يېشى چوڭىيىپ ئەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈلسە ۋە ئېھتىلام بولغان بولسا، مانا بۇ بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئۇ چوڭ ئەرلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىشتە ئاتا ـ ئانىسىدىن) ئىجازەت سورايدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ﴾ «كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن»[1]. شۇنىڭغا ئاساسەن، بالىلىق دەۋر ــ بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىپ، ئېھتىلام بولۇش ۋە ئەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

### ❖ ئىككىنچى، بالىلىق دەۋرنىڭ ئەھمىيىتى

1989 ـ يىلى نويابىر ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى ھەققىدىكى كېڭەشتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدىكى قارار چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قارار 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئىجرا بولغان ئىدى. بېرىلگەن تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئىچىدە، بالىلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، كۆزقاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇش، قارار ۋە كېلىشىملەرگە قاتنىشىش قاتارلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرى ھەققىدىكى تەلەپلەر ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەن.

---

[1] سۈرە نۇر 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمما، ئىسلام دىنى 1400 يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە كەڭ دائىرىلىكى ئاساسىدا بالىنىڭ زۆرۈر بولغان بارلىق ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن. بىرەر پەيلاسوپ ياكى جامائەت ئەربابى ۋە ياكى سىياسىيونىنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشىدىن ھەمدە بۇ توغرىسىدا بىرەر تەشكىلات بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، ئىسلام دىنىمىز بالىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە ناھايىتى ئوچۇق ھالەتتە قىزىقتۇرغان ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن.

بۇ تەشكىلاتلار تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك قارارلار چىقىرىلغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر: «بۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى» دەپ ئويلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى تارىختىن بۇيان بۇ ھەقلەرگە سەممىمي تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشىدە بەزى سەۋەبلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئىسلام ھەققىدە ئىزدەنمىگەن ۋە ئەخلاقلىق مۇسۇلمانلارنى كۆرمىگەن، ناچار تەشۋىقاتنىڭ تارقاتقان پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپلا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خاتا باھا بەرگەن ھەمدە كۆپ ۋاقىتلاردا بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئوسال مىجەزى ۋە ئىلىمسىزلىكى بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

مۇشۇ سەۋەبتىن، ھەرقانداق بىر ئىنساپلىق كىشىنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، غەرب مەدەنىيىتى پەردازلاپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ساختىلىقلارنى ئازراق بولسىمۇ ئېچىپ بېرىشىمىز زۆرۈردۇر. بەزى كىشىلەر: «ھەرقانداق نەرسىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئەكسىگە قارا» دېگەن.

بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە باتىلنى پەردازلاپ

كۆرسەتتى ـ دە، ئۇلار (ئەگەشكۈچىلەر) باتىلنى «ھەق» دەپ قاراپ قالدى؛ بۇ مەدەنىيەت ھەقنى بۇلغىدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھەق ئۇلارنىڭ ئالدىدا «باتىل» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى. بۇ مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان تۇرۇپ، ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى.

ئۇستاز رىزا سەمەدى مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ يەردە، كىچىك قىزلارنى تاتلىق ـ تۇرۇم بىلەن ئالداپ ئېلىپ كېتىپ، ئاندىن ئۇلارنى ناسارا قىلىپ تەربىيىلەش گۇرۇپپىلىرى، باللارنىڭ ئەزالىرىنى ئوغرىلاش ۋە سېتىش، باللارنى بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن بۇلاپ كېتىدىغان گېرمانىيە قاراقچىلىرى ھەققىدە سۆزلىمەيمىز. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى يىمىرىلىشىنى تېزلىتىۋاتىدۇ. دۆلەت خاراكتېرلىك بىر بۇزۇقچىلىق تەشكىلاتى بېلگىيىدە پاش قىلىنغان بولۇپ، بۇ بۇزۇقچىلىق تەشكىلاتى بېلگىيىدە بۇلاپ كېتىلگەن باللارنى ئىزدەش جەريانىدا ساقچىلار تەرىپىدىن بايقالغان. كېيىن بېلگىيە ساقچىخانىسىدىكى ئالىي رەھبەرلىكنىڭ بۇ بۇزۇقچىلىق تەشكىلاتىغا ئەزا ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان. مانا بۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئالەم ئالدىدىكى رەسۋاچىلىقىنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

بۇ ئىش ئۇيەر ـ بۇيەرلەردە ئىنسان ھەقلىرى ۋە باللار ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىش يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىشقا ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان.

ئۇلار جىنسىي قالايمىقانچىلىقنى باللار ۋە ياشلار ئارىسىدا قانۇنلۇق

قىلىپ بېكىتىپ، بۇ ئىشلارنى جىنايەت ھېسابلىمىغان ھەمدە ئۇنى چەكلىمەستىن ھەربىر شەخسنىڭ قانۇندا قوغدىلىدىغان ھەققى دەپ قارىغان. شۇ سەۋەبلىك، بۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە ئۇرۇش قىلغانلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جىنايەتچى ھېسابلانغان.

20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مەركىزىي باشقارمىسى 20 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەرگە جىنسىي ئەركىنلىك رۇخسىتى بېرىدىغان بىر قانۇننى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جىنسى پاراكەندىچىلىك دولقۇنى يامراپ كەتكەن بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. 70- يىللارغا كەلگەندە جىنسىي ئەركىنلىككە رۇخسەت بېرىش يېشىنى 18 ياشقا چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن قانۇن بۇ تەتۈر ئېقىمدىكى كىشىلەرنىڭ پىلانلىق ئارزۇسى سەۋەبلىك ئۆزگەرگەن. 90- يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بىر بۆلۈك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر 16 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭمۇ بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تىۋلاپ چىقىشقان. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مېڭىسىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك بۇزۇق مەدەنىيەتلەر نېمىدېگەن خەتەرلىك-ھە!؟».[①]

## بالىلىق دەۋر ـــ كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش باسقۇچىدۇر

ھازىرقى دەۋرىمىزدە تەشكىلاتلار ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەلىپى بويىچە بالىنىڭ كەلگۈسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

① «٣٠ طريقة لخدمة الدين» ناملىق كىتاب 283- ۋە 284- بەتلەر.

چۈنكى، 15 ياشتىن تۆۋەن باللار دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 36% نى ئىگىلەيدۇ. ئەرەب دۇنياسىدىكى باللارنىڭ سانىلا تەخمىنەن 67 مىليونغا يېتىدىغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئەرەبلەر سانىنىڭ 45% گە يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

باللار ئۈچۈن ستاتىستىكا قىلىنغان بۇ غايەت زور نىسبەت ــ خەلق ئۆز مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم بىناسىنى قۇرۇپ چىقىدىغان ئۇل ـ ئاساسىنىڭ ئىنتايىن كەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇل ـ ئاساس باللىنىڭ باللىق دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى باللار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ يادرولۇق كۈچىدۇر. ئىنساننىڭ باللىق دەۋرى ئىنسان كەلگۈسىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش جەمئىيەت كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىسى، مەدەنىيەت بەرپاچىسى، بايلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى، جەمئىيەتنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە تەلپۈنۈشلىرىنىڭ مەركىزىدۇر. جەمئىيەتنىڭ باللارغا مۇكەممەل ھالەتتە كۆڭۈل بۆلۈشى ــ شۇ جەمئىيەتنىڭ كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىقىشتا تۇنجى قەدەمدە مېۋە بېرىدىغان باسقۇچتۇر. شۇڭلاشقا، مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن كىشىلەر باللارغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

بۇ باسقۇچ كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىش باسقۇچى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىشتا ئىپادىلىنىدۇ:

• بىرىنچى، بۇ باسقۇچ ئىنسان ھاياتىدا ئۇزۇن بولىدۇ.

بۇ باسقۇچنىڭ ئەھمىيىتى. بۇ باسقۇچ (بالىلىق دەۋر) كائىناتتىكى باشقا ھەرقانداق جانلىقلارنىڭ بالىلىق دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاتا-ئانىلارغا ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدۇ، بولۇپمۇ بالىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش ئىقتىدارى بولمىسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىنسان بالىلىق دەۋرىدە دائىم باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ مۇكەممەل تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بەرمىسە، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى بىرقانچە سائەتتىن كۆپ داۋاملاشمايدۇ.

• ئىككىنچى، بالىلىق دەۋر ـــ شەكىللەندۈرۈش، يېتەكلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دەۋرىدۇر.

بالىنىڭ شەكىللەندۈرۈش، يېتەكلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوبۇل قىلىشى بۇ باسقۇچنىڭ باشقا باسقۇچلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپىدۇر. دېمەك، بالا كۆپلىگەن قابىلىيەت، تەييارلىق، ئىنتىلىش ۋە تۇغما تەبئىي تالانتلار بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. بالىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى ھالىتى ھەرقانداق ئۇرۇقنى ئۈندۈرەلەيدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا تەربىيىچى بۇ ۋاقىتتا سۈپەتلىك ئۇرۇقنى تاللاپ بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا تىكىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ نۇقسانسىز ۋە ئەيىبسىز ھالەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى مۇكەممەل ئاسراش ۋە پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

بالىلىق دەۋرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشقا باسقۇچلارغا سەل قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. لېكىن، بۇ باسقۇچ تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئاڭلاش

باسقۇچى بولغاچقا، ئىسلام بۇ باسقۇچتا بالىغا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

بالىلارنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغاندا ئۆز ئىقتىدارى بىلەن ئۆگەنگەن پەزىلەتلەرگە قارىغاندا، بالىلىق دەۋرىدىلا ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن پەزىلەتلەر بالىدا بەكرەك يىلتىز تارتىدۇ ۋە ئۆزلىشىدۇ. ئىجتىمائىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، قىممەت قاراش، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنە قاتارلىقلار ئىنسانىنىڭ باشقا ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا بالىلىق دەۋرىدە ئەڭ مۇستەھكەم ئۆزلىشىدۇ.

ئۇستاز رىزا سەمەدى مۇنداق دېگەن: «بالىلارغا ئىلىم بېرىلگان تەكرار تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بالىلارغا دوستانە ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغان ھەمدە مېھىر-مۇھەببەتنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىگەن كىشىلەرنىڭ نەسىھەت ۋە يوليورۇقلىرىنى بالىلار ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ.

بالىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەتراپلىق ئويلانمايدۇ ۋە ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. ئويلانغان تەقدىردىمۇ، ھايات سەپىرىدە پىشىپ يېتىلگەن ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەردەك ئىشلارنىڭ ھېكمىتى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنمەيدۇ.

بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىلىم، ئەخلاق، ھېكمەت، ئالىيجانابلىق ۋە شان-شەرەپ قاتارلىق يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى غايەت زور بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۆگەنگەن گۈزەل ئەخلاقلار بۇزغۇنچىلىققا ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇچرىمىسىلا، ئۇلار بويسۇنىدىغان

ئادەتكە ئايلىنىدۇ». [1]

يۇقىرىدىكى ئىشلار بارلىق ئاتا-ئانىلار ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىلىرىدىن بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن بالىلارنىڭ ئارىسىدىن كەلگۈسىدە ئۇممەتنى ئىسلاھ قىلالايدىغان ياراملىق كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ساقلاشتا ئۇزلۇكسىز تۈردە خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### ❖ ئۈچىنچى، ھەق-ھوقۇق

• بىرىنچى، «الحق» «ھەق» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى

«الحق» «ھەق» — «الباطل» «باتىل» دېگەننىڭ قارشى مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلۈكى «حقوق و حقاق» دەپ كېلىدۇ. «حق الأمر» دەپمۇ كېلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «ئىسپاتلاندى، ئېنىقلاندى، شەك يوقالدى» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ — توغرا، ياكى ئىسپاتلانغان، ياكى ئادىل، ياكى ھەقىقەت ۋە ياكى بېكىتىلىپ بولغان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «الحق» نىڭ قارشىسى «الباطل» (يەنى سەپسەتە) دېگەنلىك بولىدۇ. «الباطل» دېگەن سۆزدىن «توغرا ئەمەس ياكى ئادىل ئەمەس ۋە ياكى رېئاللىقتا قارشى» دېگەندەك مەنىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

• ئىككىنچى، «الحق» «ھەق» نىڭ ئىستىمال مەنىسى

«الحق» «ھەق» — مەجبۇرىيەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئالاقىدۇر. ئىككى كىشىنىڭ ئۆزئارا ھەق-ھوقۇقلىرى بولغان بولسا، بىرىنىڭ ھەققى دەپ قارالغان نەرسە، يەنە بىرىگە نىسبەتەن مەجبۇرىيەت بولۇپ

---

[1] «۳۰طريقة لخدمة الدين» ناملىق كىتاب 288- بەت.

ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى ھۆكۈم جەھەتتە بىر-بىرىگە نىسبەتەن مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ۋە قەرز بەرگۈچىنىڭ ھەققىنىڭ قەرزدارغا نىسبەتەن مەجبۇرىيەت بولىدىغانلىقىنى ئۆچرىتىمىز.

- ئۈچىنچى، «الحق» نىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەھمىيىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا﴾ «شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ»[①].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ئامانەت ـــ الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ناماز، زاكات، روزا، كەففارەت، نەزىر ۋە شۇلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ ھەقلىرىنى؛ بەندىلەر بىر-بىرىگە ئامانەت قويۇشقان نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھەقلەرنى؛ ھۆججەت قىلىشماي ئامانەت قويىدىغان ھەقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، كىمكى بۇ ھەقلەرنى دۇنيادا ئادا قىلمايدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدۇ»[②].

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لتؤدن الحقوق إلى أهلها يوم القيامة، حتى يقاد للشاة الجلحاء من الشاة القرناء» «قىيامەت كۈنى بارلىق ھەق ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ»[③].

ئىبنى ئۇسەيمىن (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ

---

[①] سۈرە نىسا 58- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] «تفسير القرآن العظيم» 1- توم 457- بەت.
[③] مۇسلىم توپلىغان.

راستچىلى بولغان پەيغەمبەر ﷺ قىيامەت كۈنى پۈتۈن ھەقلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ھەمدە ھېچبىر كىشىنىڭ ھەققىنىڭ زايە بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوي ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى قەسەم قىلغان. چۈنكى، مۈڭگۈزلۈك قوي مۈڭگۈزسىز قوينى ئۈسكەندە، كۆپىنچە ئەھۋالدا مۈڭگۈزسىز قوينى بەكرەك جاراھەتلەندۈرىدۇ. اللّٰه تائالا بەندىلىرىگە، ھەتتا تىلسىز ھايۋانلار ھەققىدىمۇ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئادالىتىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى خالايدۇ. ئۇنداقتا، اللّٰه تائالا ئادەم بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى قانداقمۇ كۆرسەتمىسۇن؟!». [1]

ھەق ئامانەتتۇركى، ئۇنى ھەرگىز زايە قىلما! (ئەگەر زايە قىلساڭ) قىيامەت كۈنى سەندىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

- تۆتىنچى، بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەققى

بۇ خىل ھەق بالىغا تەقسىملەپ بېرىلگەن نېسۋە ۋە بالىنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەت ئەزالىرى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا تىنچ، مۇقىم ھەم بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئېھتىياجلىرىغا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

- بەشىنچى، ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1. ئىسلام شەرىئىتىدە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى شۇكى، بۇ ھەقلەر پۈتۈن رەھبەرلىك ۋە ھۆكۈم قىلىش

[1] «شرح رياض الصالحين» 1- توم 530- ۋە 531- بەتلەر.

پەقەت الله تائالاغا خاس بولۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ يَقُصُّ الْحَقَّ وَهُوَ خَيْرُ الْفَاصِلِينَ﴾ «بارچە ھۆكۈم الله قا خاس، الله ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، الله ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا لَهُ الْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ الْحَاسِبِينَ﴾ «(قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز الله قىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»[2] . دېمەك، ئىسلام قانۇنى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقلىرىگە ئىلاھىي نەزەر بىلەن قارايدۇ.

2. مۇقىم بولۇپ، ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەۋرنىڭ ئالمىشىشى، شارائىت ۋە ئەھۋاللارنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ئالىملار بۇ ھەقنى تونۇشتۇرۇپ: «ھەق — ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ئېنىق ھەقىقەتتۇر» دېگەن.

3. ئىنسان ھەقلىرى بىلەن دىن خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ئىسلام ھەقلەرگە سەل قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا شەرئىي ھۆكۈم ۋە شەرئىي مەقسەتلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. ئۇنىڭغا شەرىئەت ئەدەپ-ئەخلاقلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، بۇ ئەدەپ-ئەخلاقلارغا نۇقسان يەتكۈزۈشنى مۇشۇ ھەقلەرگە نۇقسان يەتكۈزگەنلىك دەپ ھېسابلىغان. ئىسلام بۇ ھەقلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا دىنغا باغلاپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىلاھىي قانۇن دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن، ھەقلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بۇ دىننىڭ ئىلاھىي خاراكتېرى بىلەن ماسلىشالايدىغان مۇكەممەل

[1] سۈرە ئەنئام 57- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن.

4. ئىسلام باشقا ئاتالمىش قانۇنلاردىن ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ئىلگىرىلا ئىنسان ھەقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىسلامدىكى بۇ ھەقلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەش، قوزغىلاڭ ياكى تەلەپلەردىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس. دېموكراتىيە قانۇنلىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى شۇنداق بولغان بولۇپ، جۈملىدىن فرانسىيە ۋە گېرمانىيىدە ھالەت شۇنداق بولغان. پەقەت ئىسلامدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ پرىنسىپ ۋە ھۆكۈملىرى ھېچقانداق سۆز، ئىزدىنىش ياكى ئۇ يولدا كۈرەش قىلىش بولماستىن، بەلكى الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن ۋەھيى ئارقىلىق نازىل قىلىنغان.

5. ئىسلامدىكى ئىنسان ھەقلىرى رېئاللىققا ئۇيغۇن.

ئىسلامدىكى ئىنسان ھەقلىرى ھاياتلىققا چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى مەقسەت قىلىدۇ. باشقا قانۇنلاردىكى ھەقلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى پەلسەپىۋى خاراكتېر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

# 1 - بۆلۈم

# بالىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى

## 1 - باب
# بالىنىڭ مەنىلىك ھالەتتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى

ئىسلامنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ھېكمەتلىك تۈزۈملىرى بالىنىڭ ھاياتلىق باسقۇچلىرىدىكى بارلىق ھەقلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىسلام بالىنىڭ ھېچبىر ھەققىگە سەل قارىمىغان بولۇپ، بالا ھاياتلىققا كۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، بەلكى بالا تېخى مەنىلىك ھالەتكە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا ئۇ بالا ئومۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەك ئارىسىدىكى ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات الله تائالانىڭ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆز جورىسىنى تاللاشتىكى پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ بېرىشى ـــ الله تائالانىڭ بۇ ھەقلەرگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇنداق بولغاندىلا، بۇنداق ئەر-ئايال مۇستەھكەم ئىمان، ساغلام تەن ۋە گۈزەل ئەخلاق ئاساسىدىكى بەختلىك بىر ئائىلىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ.

بالىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى (مەنىلىك ھالەتتىن ئىلگىرىكى) ھەققى ئەر-ئايال ئارىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەندىن تارتىپلا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يۈكلىنىدۇ.

بۇ باسقۇچتا ئەر-ئايالنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە بالىنىڭ نۇرغۇن ھەقلىرى بولۇپ، بۇ ھەقلەرگە سەمىمىي ئەھمىيەت بېرىش ھەربىر ئەر-ئايالنىڭ ئۆز جورىسىنى دىن ئاساسىدا ئىنچىكە تاللىشى ئارقىلىق تاماملىنىدۇ.

دىنىمىز ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى تاللاشتا قىينىلىپ گاڭگىراپ

قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەركىشى ئايالنى تاللاشتا ئاساسلىنىدىغان قائىدە-پرىنسىپلارنى ۋە ئايال كىشىمۇ جورىسىنى تاللاشتا ئاساسلىنىدىغان كۆرسەتمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى تاللاشنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى، نىكاھلىنىشنىڭ الله تائالا ئىنسانلارغا يولغا قويغان ئىلاھىي قانۇن ئىكەنلىكىنى قىستۇرۇپ قويۇشىمىز لايىقتۇر.

### ❖ نىكاھلىنىشنىڭ بالىغا خاس بولغان ھېكمىتى

نىكاھلىنىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى بولۇپ، الله تائالا ئىنساننى ئەنە شۇ تەبىئەت بىلەن ياراتقان، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق نەسىللەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، زېمىن ئاۋاتلىشىدۇ ھەمدە نىكاھلىنىش يولى بىلەن بالىنىڭ دادىسىغا تۇتۇشىدىغان نەسەبى، مىراس، نەپىقە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەقلىرى قوغدىلىدۇ.

جەمئىيەت نەسەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان دادىسى ياكى ئانىسى يوق بالىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان زىنادىن نىكاھ ئارقىلىق تازىلىنىدۇ.

نىكاھلىنىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان قانۇن بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق بالىنىڭ يېقىن دوست-يارەنلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان ۋە نەسەبى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت-ھۆرمىتىنى يوقۇتۇشتىن سىرت، قەبىھ ئىشلار ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

الله تائالا ئىنسانلار ئارىسىدا نىكاھنى يولغا قويمىغان بولسىدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھۆرمەتلىرى بولمىغان ۋە نەسەبسىز بالىلار بىلەن

توشۇپ كەتكەن ھەمدە ئىپسىل ئەخلاقلىق نەسەبلەر قارىلىنىپ، تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمىغان بۇزۇقچىلىقلار يامراپ كەتكەن بولاتتى.

نىكاھلىنىشنىڭ ھېكمەتلىرىدىن يەنە، ئەر-ئايال ئىككىسى پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ. يەنى ئەر كىشى ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە كۈچلۈك بەدىنىگە ماس كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئانىمۇ ئۆزىنىڭ نازۇك خاراكتېرى ۋە ئاياللارغا خاس ئۇبرازى بىلەن پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش، كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق دادا بولغۇچىنى تولۇقلايدۇ. مانا بۇلار — ئاتا-ئانىلارنىڭ قەلبىدىكى ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ نامايان بولىدۇ.

بالىلارنى خاتىرجەم ھاياتقا ۋە پارلاق كەلگۈسىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ خىل ھېس-تۇيغۇدىكى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بالىلار ئۈچۈن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈشنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر.

**❖ نىكاھلىنىشنىڭ ھۆكمى ۋە بالىنىڭ ھەقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

نىكاھ بالىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى تۇنجى قەدەم ۋە ئاساسىي سەۋەب بولۇپ، شەرىئەت بۇنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلغان.

نىكاھلىنىشنىڭ فىقھى ھۆكمى ھەققىدە فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەرخىل بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار ۋاجىب دېسە، بىر قىسىم ئالىملار مۇباھ دېگەن، يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇستەھەب دەپ قارىغان. مەزھەب ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچىنچى قاراشنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار بەزى دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.

بىز تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

• بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەن ھېلىقى ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەنمەستىن تەنھا ئۆتۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىگە مۇنداق رەددىيە بەرگەن: «وأتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني» «مەن خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس».[1]

• ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ ۋە پۈتۈن ساھابىلەرنىڭ نىكاھلانغانلىقى. پەيغەمبەر ﷺ ۋە پۈتۈن ساھابىلەر ئەۋزەل بولغان ئىشلارنى قىلاتتى، ھەرگىزمۇ ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەۋزەل ئىشنى تەرك ئەتمەيتتى.

• ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ﷺ: «يا معشر الشباب من استطاع منكم الباءة فليتزوج ومن لم يستطع فعليه بالصوم فإنه له وجاء» «ئى ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ»[2] دېگەن. ھەدىستىكى «الباءة» دېگەن سۆز — «تويلۇق چىقىملىرىغا، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋە جىما قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان بولۇش» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، بۇ ھەدىستىن نىكاھلىنىشنىڭ ئەسلى ھۆكمىنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇيرۇق كەلىمىسى ۋاجىبلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر قەرىينە (قوشۇمچە دەلىل) مۇستەھەبلىكنى مەقسەد قىلغانلىقنى ئۇقتۇرسا، بۇيرۇق كەلىمىسى مۇستەھەبنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، نىكاھلىنىش پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇلغان بولۇپ، نىكاھلىنىشنى تەرك ئېتىش شەرىئەتتە قىزىقتۇرۇلغان ئەمەلدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولىدۇ.

دوكتور ئابدۇلكەرىم زەيدان مۇنداق دېگەن: «بۈگۈنكى كۈندە نىكاھلىنىشنىڭ ھۆكمى ۋاجىبقا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى، قەلبلەردە دىنىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئازدۇرغۇچى ئامىللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ زىناغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار».[1]

[1] «المفصل في أحكام المرأة وبيت المسلم» 2- توم 34- بەت.

# بالىنىڭ ئانىسىنى تاللاشتىكى ھەقلىرى

ئىكاھلىنىشنىڭ ھېكمىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، «بالىنىڭ ئانىسىنى تاللاش بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىن» دېگەن قاراشقا ئاساسەن، ئەر ياكى ئايالنىڭ ئىكاھلىنىشتا ئاساسلىنىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئەسەر نەقىل قىلىنغان: «بىر كىشى ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قاقشاتقانلىقىنى شىكايەت قىلىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ بالىغا كايىغاندا، بالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: <ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدە ھەقلىرى يوقمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئەلۋەتتە بار> دەپ جاۋاب بەردى. بالا: <ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئۇ ھەقلەر قايسى!؟> دەپ سورىۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللاش، بالىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە قۇرئان ئۆگىتىش> دەپ جاۋاب بەردى. بالا بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ: <ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! دادام بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئادا قىلمىدى. ئانام بولسا بىر مەجۇسى قارا ئايال، دادام ماڭا جۇئران (تېزەك، ماياق) دەپ ئىسىم قويدى ۋە ماڭا قۇرئاندىن بىر ھەرپمۇ ئۆگەتمىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ بالىنىڭ دادىسىغا قاراپ: <سەن تېخى ئوغلۇڭنىڭ سېنى قاقشاتقانلىقىنى شىكايەت قىلىپ كەلدىڭمۇ؟! ئوغلۇڭ سېنى قاقشىتىشتىن ئىلگىرى، سەن ئۇنى قاقشىتىپسەن، ئوغلۇڭ ساڭا يامانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى،

سەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپسەن> دېدى».[①] بۇنىڭدىن، ئانا ئەخلاقىنىڭ بالىنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

ئىزدىسەڭ بالىنىڭ ھالىنى بىلمەك،
تاپارسەن ئانىنىڭ خۇلقىدىن پەقەت.
ئەۋزەلدۇر پەزىلەت ساھىبى ئايال،
ئەخلاقسىز ئانىلار پەرزەنتكە ئاپەت.

گەر بولسا پەرۋىشكار ئەسلىدىن نادان،
نە بولغاي بالىدا ياخشىلىق سۈپەت.

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئى بالىلىرىم! مەن ئاناڭلارنى تاللاشتا سىلەرگە ياخشىلىق قىلدىم. نىكاھلانغۇچى كۆچەت تىككۈچىگە ئوخشايدۇ، شۇڭا سىلەردىن ھەربىر كىشى كۆچىتىنى قەيەرگە تىككەنلىكىگە ئوبدان قارىسۇن، چۈنكى ناچار نەسلىدىن ئېسىل كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن».

ئەر كىشى ئىسلام بەلگىلەپ بەرگەن ئاساس ۋە يوليورۇقلارغا مۇۋاپىق ھالەتتە ئايالىنى ياخشى تاللىسا، ئۇ كىشى بالىسى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا بالىسىنى تەربىيىلەشكە باشلىغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە دانالارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: «بالاڭ تۇغۇلۇشتىن 20 يىل بۇرۇن ئۇنىڭ تەربىيىسىنى باشلىغىن».

دانالارنىڭ يەنە بىرى بالىلىرىغا مۇنداق دېگەن:

[①] دوكتور مۇھەممەد ئەقلەنىڭ «تربية الأولاد في الإسلام» ناملىق كىتابى 20- بەت.

سىلەرگە تاللىدىم نەسەبلىك ئايال،
قىلاي دەپ ياخشىلىق ھەممىدىن ئاۋۋال.

دېمەك، سالىھ ئايالنى تاللاش بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ھەققىدۇر. چۈنكى، بۇ ھەق ــ بالا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەق يەنە، بالىنى كۆتۈرىدىغان مېھرىلىك قاچىغا (يەنى ئانىنىڭ بالياتقۇسىغا) ۋە ئۇنى ئېمىتىدىغان كۆيۈمچان كۆكرەككە ھەمدە بالىلىق، بالاغەتكە يېتىش ۋە ياشلىق دەۋر قاتارلىق بۇ ئۇزۇن جەرياندا بالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان پاك بىر جانغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا بۇ پاك جان دەل يۇقىرىقى يۈكلەرنى كۆتۈرىدىغان تەربىيىچى ئانىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرۈشتۈرۈلۈپ تاللانغان ياخشى ئانىنىڭ گۈزەل خۇلقلىرى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئۇلاردا ئۆز تەسىرىنى نامايان قىلىدۇ.

### ❖ ئايالنى تاللاشنىڭ شەرتلىرى

ئايالنى ياخشى تاللاشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغاچقا، ئىسلام شەرىئىتى سالىھ ئايالنىڭ سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. تۆۋەندە بۇ سۈپەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

- بىرىنچى، دىن-دىيانەتلىك ئايالنى تاللاش

ئايال كىشىنىڭ دىيانىتى ئېرىنىڭ ھەقلىرىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر. دىيانەتلىك ئايال نىكاھلىنىشتىكى ئەڭ ياخشى لايىق بولۇپ، دىيانەتلىك ئايال بىلەن توي قىلغان كىشى خۇرسەن بولىدۇ ۋە ئايالىغا ئىشەنچ قىلالايدۇ. دىيانەتلىك ئايالمۇ ئۆز ئىپپىتىنى ساقلايدۇ ھەمدە ئەرمۇ ئايالىغا مال-مۈلكى ۋە بالىلىرىنى خاتىرجەم تاپشۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلايدۇ ۋە بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

دادا بالىلىرىنىڭ قەلبىگە نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى سىڭدۈرىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۆيدە دادا بولمىسا، ئانا ئۆزىنىڭ ئىلمسىزلىكى سەۋەبلىك بالىدىن مۇشۇ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، سىز شۇنداق بىر دادىنى كۆرىسىزكى، ئۇ دادا بالىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلارغا ناماز ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇپ، سەل قارىماسلىقا نەسىھەت قىلىدۇ. ناۋادا دادا بولغۇچى ناماز ۋاقتى كەلگەندە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ قالسا، ئانا دادىنىڭ شۇ تىرىشچانلىقىغا سەل قاراپ، بالىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ـ دە، بالىلار ئويۇنغا بېرىلىپ، ئىبادەتنى تاشلاپ قويىدۇ.

دىندار ۋە ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان سالىھ ئايالنى تاللاش — ئەر كىشىنىڭ چوڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە ھېرىپ ـ چارچىشىنى يەڭگىللىتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرگە دىيانەتلىك سالىھ ئايالنى تاللاش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «تنكح المرأة لأربع: لمالها، ولحسبها، ولجمالها، ولدينها، فاظفر بذات الدين تربت يداك» «كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ: مېلى، نەسەبى، ھۆسن ـ جامالى ۋە دىنى. سەن دىيانەتلىك ئايالنى تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ (قىلغان ئەمگىكىڭگە مەنپەئەت يۇقىدۇ)

».[1] [2]

دوكتور مۇھەممەد نۇر سۇۋەيد بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ نىكاھلانماقچى بولغان ئايالدىن تاللايدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىسى — ئۇنىڭ دىن ـ دىيانىتى، سالىھلىقى، تەقۋالىقى ۋە ھەمىشە اللە تائالاغا تەۋبە قىلىپ تۇرۇشىدۇر. ئۇنداق ئاياللاردىن كۆزلەر خۇرسەن، قەلبلەر خاتىرجەم بولىدۇ، ئەرمۇ ئۇنداق ئايالغا مال ـ مۈلكى ۋە بالىلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرالايدۇ. بۇنداق ئايال پاك تائامغا قوشۇلغان ئىمان، ئاق سۈتكە قوشۇلغان گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا، يەنە اللە تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە يوللانغان دۇرۇتلارنى ئاڭلىتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەقۋالىق، قەلبىگە ئىسلامغا بولغان ئۆچمەس مۇھەببەت ئورۇنلىشىدۇ. چۈنكى، ئىنسان كىچىكلىكىدە يېتىلدۈرگەن خاراكتېر ئۇستىدە قېرىيدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىسلەتلىرى بالىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ».[3]

پەيغەمبەر ﷺ يۇقىرىقى ھەدىستە، دىن ـ دىيانەت ۋە سالىھلىقنى ئايال تاللاشتىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە بايان قىلغان. ئايالنىڭ دىيانەتلىك ۋە سالىھ بولۇشى — ئەر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا نىسبەتەن ياخشىلىق ۋە بەختتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە

---

[1] بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئەرلەر ئۆيلىنىشتە ئاشۇ تۆت خىسلەتنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆزلەيدۇ. ئەگەردە بىر مۇسۇلمان ئەر ئۆزى تويلاشماقچى بولغان لايىقىنىڭ دىيانىتىنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، بەرىكەتلىك، پەرزەنتلىرىمۇ دىيانەتلىك بولىدۇ.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «منهج التربية النبوية للطفل» 29 ـ ۋە 30 ـ بەت.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الدنيا متاع، وخير متاعها المرأة الصالحة» «دۇنيا ۋاقىتلىق نېئمەتتۇر، دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر».[1]

الله تائالا سالىھ ئاياللارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللَّهُ**...﴾ «ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا الله نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر»[2].

﴿**قَانِتَاتٌ**﴾ — «ئۇلار ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلغۇچى ئاياللاردۇر»، ﴿**حَافِظَاتٌ لِلْغَيْبِ**﴾ — <ئۇلار ئەرلىرى يوق ۋاقىتلاردا ئەرلىرىگە ۋە ئەرلىرىنىڭ ماللىرىغا خىيانەت قىلمايدىغان ھەمدە ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلايدىغان ئاياللاردۇر» دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سالىھ ئانىنىڭ بالىلىرىغا قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىتىشى، ئېسىل ئەخلاق ۋە ھالال-ھارام قاتارلىقلاردىن تەلىم بېرىشى، پەيغەمبەرلەر ۋە پەزىلەتلىك سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى — بالىنىڭ ئىسلامدىكى ھەقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سالىھ ئانا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بارغاندا بالىلىرىنى بىرگە ئېلىۋالسا، بالىلار تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىلىملەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ. سالىھ ئانا بالىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ باشقا كىشىلەرنى زىيارەت قىلماقچى بولسا، ئۆزىگە ئوخشاش پەزىلەتلىك، ياخشى ۋە سالىھ كىشىلەرنى زىيارەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىلاردىكى گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق تېخىمۇ

---

[1] مۇسلىم ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] سۈرە نىسا 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇكەممەللىشىدۇ. دېمەك، ئەر كىشى بالىلىرىنىڭ يارامىلىق ۋە سالىھ بولۇشىنى خالىسا، سالىھ ئايالنى تاللىشى لازىم.

خۇلاسە شۇكى، سالىھ ئايال ـــ ئېرىنىڭ بىباھا گۆھىرى، پۇتمەس بۇلىقى، يۈرەك پارىلىرىنىڭ ئانىسى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ ئامانەتدارىدۇر. دىيانەتلىك ئايالنى تاللاش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى چىقىرىش ـــ بالا ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. چۈنكى، بالا شۇ ئانىنىڭ ھوسۇلى بولغاچقا، ئەگەر ئانا ياخشى بولسا بالىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئانا ناچار بولسا بالىمۇ ناچار بولىدۇ.

«رەسافى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان شائىر راست ئېيتىقان:

پەرزەنت ئۈچۈن تەربىيەتچى ئىستىمەك بولساڭ ئەگەر.
سالىھ ئانا تاللاشقا ئوخشاش دانا قارارنى كۆرمىدىم.

گەر ئىزدىسەڭ پەرزەنت ئۈچۈن روھى ئۆچمەس مەدرىسە،
پازىل ئانا تەلىمىدەك ياخشى مەدرىس كۆرمىدىم.

ئۆلچەي دېسەڭ پەرزەنتىڭنىڭ ئەخلاق ھاياسى قانچىلىك،
تەقۋا ئانا ئەخلاقىدەك لىللا مىزاننى كۆرمىدىم.

- ئىككىنچى، نەسەبلىك ئايالنى تاللاش

ئاتا ـ ئانا تەرەپتىن بىرىنچى بولۇپ بالىغا خاس قىلىنىدىغان ئىش نەسەبتۇر. چۈنكى، مىراسخورلۇق پەقەت بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بالا بەزىدە بوۋىلىرى ۋە بوۋىلىرىنىڭ ئاتىلىرى ھەتتا بوۋىلىرىنىڭ بوۋىلىرىدىن ھەم مىراس ئالىدۇ. شۇنىڭدەك، بالا ئۇرۇق ـ ئەجدادلىرىنىڭ ھەربىر تەبىقىسىدىن مەلۇم دەرىجىدە سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. بالىنىڭ ئاتا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپتىن بولسۇن، ئەجدادلىرى

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تخيروا لنطفكم، فانكحوا الأكفاء وأنكحوا إليهم» «ئۆزۈڭلارغا لايىق ئاياللارنى تاللاڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىن ئۆيلىنىڭلار ۋە قىزىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياتلىق قىلىڭلار».[1]

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ، تاللاشقا ئەڭ لايىق ۋە نەسەبى ئېسىل ئاياللارنىڭ قۇرەيش ئاياللىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «خير نساء ركبن الإبل صالحو نساء قريش، أحناه على ولد في صغره وأرعاه على زوج في يده» «قۇرەيش ئاياللىرى تۆگىگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئۇلار بالىلىرىغا ناھايىتى ياخشى قارايدۇ، ئەرلىرىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ».[2]

ھەدىستىكى، «أحناه» دېگەن سۆز — «ئۇلار بالىلارغا بەك كۆيۈنىدىغان ئاياللار» دېگەن مەنىنى، «الحانية على ولدها» دېگەن سۆز — «ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، توي قىلماستىن بالىلىرىغا قارايدىغان ئاياللار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرەيشنىڭ سالىھ ئاياللىرىدەك ئېسىل نەسەبلىك ئايالغا ئېرىشەلىگەن كىشى ئايال تاللاشتىكى مەقسەتكە يەتكەن ۋە الله تائالا ئائىلىسىگە كۆپ ياخشىلىقلارنى جەملەپ بەرگەن كىشىدۇر.

ئايال كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بولۇشى بىلەن بىرگە، ئېسىل نەسەبلىك ۋە ياخشى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ زۆرۈردۇر. مانا بۇ — ئەڭ ئەۋزەل ۋە مۇكەممەل تاللاشتۇر. مەريەمنىڭ قەۋمىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قارىماسىز؟ ئۇلار: ﴿يَا أُخْتَ هَارُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ

---

[1] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا﴾ «ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»[1]. يەنى «ئى ھارۇننىڭ[2] ھەمشىرىسى! سېنىڭ داداڭ پەزىلەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇ ھېچقانداق يامان ۋە پاھىشە ئىشلارنى قىلمىغان. شۇنىڭدەك، ئاناڭمۇ سالىھ ئاياللاردىن بولۇپ، زىناخور پاھىشە ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى، سەن بۇ بالىنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇ بالا ساڭا قەيەردىن كەلدى؟!» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «سالىھ كىشىنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدىغان قاراش ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن، شۇڭلاشقا ئۇلار يۈز بەرگەن ئىشلار سەۋەبلىك مەريەمگە ئەجەبلىنىپ قالغان ۋە ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىشقان.

بالا بەزىدە ئانا ياكى دادا تەرەپ تاغىلىرى ۋە ياكى ئەجدادلىرىنىڭ بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا: «<ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىم قاپقارا ئوغۇل تۇغدى> دەپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە: <عسى أن يكون نزعة عرق> <بالاڭ ئىلگىرى بار بولغان ئەسلى نەسەبنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن>[3] دېگەن».

«عرق» — «ئەسلى نەسەب» تۇر، «نزعة» — «ئۇنىڭ رەڭگى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىڭنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپتۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن بالا كۆپىنچە ھالەتتە ئۆزىنىڭ دادىسى ياكى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئانا ياكى دادا تەرەپ تاغىلىرىنىڭ بىرەرسىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم 28- ئايەت.

[2] بۇ يەردىكى ھارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇن بولماستىن، بەلكى سالىھ بىر كىشىدۇر.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى، گۈزەل ئەخلاق ۋە تەقۋالىق بىلەن بېزەلمىگەن ئېسىل نەسەبنىڭ ھېچقانداق قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، ئېسىل نەسەب دىندار بولۇش، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە الله قا ئىخلاس قىلىش بىلەنلا مەنپەئەت بېرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەمىلى ئۇنى ئارقىدا قالدۇرغان بولسا، نەسەبى ئۇنى ھەرگىز ئالدىغا چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام ئەبۇ لەھەب كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىنى چۈشۈرگەن؛ سەلمان پارىسى، سۇھەيب رۇمى ۋە بىلال ھەبەشىدەك كىشىلەر مۇئمىن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ تاغىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى پەيغەمبەرلەرگە نەسەب جەھەتتە شۇنچە يېقىن تۇرسىمۇ، الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ﷺ مەخزۇم قەبىلىسىدىكى ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايالغا شاپائەت قىلىشنى رەت قىلغان ھەمدە ئېسىل نەسەبنى پەردە قىلىۋېلىپ، ئارقىسىدا يوشۇرۇن جىنايەتلەرنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا جاراڭلىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «والذي نفس محمد بيده لو أن فاطمة بنت محمد سرقت لقطعت يدها» «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم فاتىمە ئوغرىلىق قىلىپ قالسا، ئۇنىڭمۇ قولىنى كېسىمەن».[1]

ناۋادا پەيغەمبەر ﷺ ھېلىقى ئايالنىڭ نەسەبىنى شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ دەپ ئېتىبارغا ئالغان بولسىدى، ئۇنىڭغا قىلىنغان شاپائەتنى قوبۇل قىلغان بولاتتى. جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ نەسەبى قانچىلىك ئۇلۇغ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

بولۇپ كەتسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ اللہ بەلگىلىگەن بىرەر جازانى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ.

- ئۈچىنچى، ياش ئايالنى تاللاش

ئىسلام ئۈممىتى ھازىرقى ۋاقىتتا ھەرقانداق ئىشلارنى اللہ نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى بويىچە قىلىشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر. چۈنكى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈنگە قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولسا، اللہ نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىدۇر. اللہ بىلەن قەسەمكى، ئۈممەت بۇ خارلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىدىسى ۋە جىسمى ساغلام، ئىمانى مۇستەھكەم ياشلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق. بۇ ئىشلار جىھادسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. جىھاد قىلىچ بىلەن ياكى سۆز بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام بەدەن ۋە ساغلام ئەقىل بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەر كىشى ھاياسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىقتىن يىراق تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئىشلاردا كۈچلۈك ئەركەكلەردىن بولالايدىغان، اللہ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ اللہ نى ياخشى كۆرىدىغان، كاپىرلارغا قاتتىق قول ۋە ئۆزئارا مېھىر-شەپقەتلىك بولغان ئەركەكلەرنى تۇغۇپ بېرىدىغان، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئايالنى تاللىشى كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «المؤمن القوي خير وأحب إلى اللّٰه من المؤمن الضعيف» «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە اللہ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر».[1]

شۇ سەۋەبلىك، ئىسلام دىنى ئىرسىيەت ئارقىلىق بالىلارغا ئۆتىدىغان يىرگىنىشلىك كېسەللەردىن خالىي، يېشى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ياخشى بولغان ئانىنى تاللاشقا كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە ئايالنىڭ يېشى ۋە ساغلاملىق جەھەتتىكى ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىشقا قىزىقتۇرغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كنت عند النبي ﷺ فأتاه رجل فأخبره أنه تزوج امرأة من الأنصار. فقال له رسول اللّه ﷺ: أنظرت إليها؟ قال: لا. قال: فاذهب فانظر إليها فإن في أعين الأنصار شيئا» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەنسارىلاردىن بىر ئايال بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <سەن ئۇ ئايالغا قاراپ باقتىڭمۇ؟> دېگەنىدى، ئۇ كىشى: <ياق> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە: <بېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ باققىن، ھەقىقەتەن ئەنسارىلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر نەرسە بار> دېدى». [①]

ئەر كىشىنىڭ ئۆزى توي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش، ئۇ ئايالنىڭ ھەرخىل نۇقسان ۋە كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇپ كېيىنچە تەربىيىچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ ئەرنى خاتىرجەم قىلىشى ئۈچۈن، بىرەر ئىشەنچلىك ئايالنى ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلىشقا ئەۋەتىشى شەرىئەتتە چەكلەنمەيدۇ.

تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تۆرەلمىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشىغا ئايالنىڭ يېشىنىڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانىسى ياش ۋاقتىتا تۇغۇلغان بالىلار، ئاتا-ئانىسى ياشىنىپ قېرىلىق ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاندا تۇغۇلغان بالىلارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرىدۇ».

---

① مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشقا قىزىقتۇرغان. چۈنكى، قىزلارنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، بالىنىڭ ۋە ئەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يېشى چوڭ ئاياللاردا بولمىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بار. پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك، قىزلار شېرىن سۆزلۈك، تۇغۇمچان ۋە قانائەتچان كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «فهلا بكرا تضاحك وتضاحكها وتلاعبها وتلاعبك» «بىر-بىرىڭلارنى كۈلدۈرەلەيدىغان ۋە سەن بىلەن تەڭ ئويناشقۇدەك قىز ئالساڭچۇ؟».[①]

بۇ ھەدىستىن، ئوينىشىش ۋە كۈلكە-چاقچاق قىلىشىنىڭ كۆپىنچە يېشى كىچىك ئاياللاردا بولىدىغانلىقى، يېشى چوڭ ئاياللارنىڭ سالماق ۋە ئۆزىنى تارتىدىغان بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى بەزى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردا، ئانىنىڭ يېشى چوڭايغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 45 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ پالەچ ۋە ساراڭ بولۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭلاشقا، ئەۋلادلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئەر كىشىنىڭ يېشى كىچىك ئايالنى تاللىشى ياخشىدۇر.

- تۆتىنچى، چىرايلىق ئايالنى تاللاش

ئىنسان گۈزەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان خۇشاللىق ۋە بەختنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا گۈزەل نەرسىلەردىن ئىزدەيدۇ. گۈزەللىك — بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى ۋە ئارزۇ-ئىستەكنىڭ تۈگىمەس بۇلىقىدۇر.

ئىنسان گۈزەل مەنزىرىنى كۆرسە يايراپ كېتىدۇ ۋە تۈنجى بولۇپ

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېغىزىغا كېلىدىغان سۆز «ما شاءالله» بولىدۇ. دېمەك، گۈزەللىك كىشىنىڭ الله نى ئەسلىشىدىكى ياردەمچى ۋە ئۈندىگۈچى ۋاسىتىدۇر. الله تائالا گۈزەل ۋە گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، ئىنسان قانداقمۇ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرمىسۇن؟ ![1] گۈزەللىك كىشىنى خۇشاللاندۇرۇپ، قايغۇ-ھەسرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئەڭ گۈزەل شەيئىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان ھېكمەت ۋە تەمسىللەرنى قالدۇرۇشقان. مەسىلەن، ئۈچ نەرسە غەم-قايغۇنى كەتكۈزىدۇ: سۇ، يېشىللىق ۋە گۈزەل رۇخسار.

ئەگەر ئايال كىشى چىرايلىق بولۇپ، ئېرىنىڭ ئالدىدىكى يۈرۈش-تۇرۇش ۋە زىننەتلىرىدە ئېرىنى خۇرسەن قىلالىسا، مانا بۇ ئەر-ئايال ئارىسىدىكى جىسمانىي ئالاقىدىن سىرت، مەنىۋىي ئالاقىنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بەخت-سائادەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ياشايدۇ.

شۇڭلاشقا، دادىنىڭ چىرايلىق ئانىنى تاللىشى — بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، تۇغۇلغان بالا ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، گۈزەللىك ئۇ بالىغا ئانىدىن مىراس قېلىپ قالىدۇ ھەمدە شۇ گۈزەللىك بەخت ۋە رازىمەنلىككە تولغان ھاياتقا سەۋەب بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ مېڭىشىنىڭ

---

[1] بەزى نادان كىشىلەر الله تائالانىڭ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، چىرايلىق ئاياللارغا قاراشنى مۇباھ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بىزنىڭ چىرايلىق ئايالنى تاللاش توغرىسىدىكى سۆزىمىز چىرايلىق ئاياللارغا قاراشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ. چۈنكى قاراشتىكى ئەسلى ھۆكۈم الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ...﴾ «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن» دەلىلى بىلەن، الله تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن كۆزىنى يۇمۇشتۇر.

خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېڭىشىغا، تەقى - تۇرقىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەقى - تۇرقىغا ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «ما رأيت أحدا كان أشبه سمتا وهديا ودلا برسول اللّٰه من فاطمة» «تەقى - تۇرقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە فاتىمەدىنمۇ بەك ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم».[1]

گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئانىسى سارە ئاياللارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئىدى. «سەھىھ مۇسلىم» دا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغان ئېيتقان ۋەقەلىكى ھەققىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «وواحدة في شأن سارة، فإنه قدم أرض جبار ومعه سارة وكانت أحسن الناس» «ئۇلارنىڭ بىرى سارە ھەققىدە ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئەينى چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن بىر زالىم پادىشاھنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالدى، سارە بەكمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى».[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەتتە نىكاھلانماقچى بولغان ئەرنىڭ نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئايالغا قارىشى مۇباھتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ نىكاھلانماقچى بولغان ساھابىگە: «ئۇنىڭغا قارىغىن!» دېگەن. مۇسۇلمان كىشى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ تەرەپكە سەل قارىماسلىقى، ئەمما ئىزدەشتە ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئايالغا بولغان رازىمەنلىكى، قىزىقىشى، مايىللىقى ۋە ئۇنىڭغا قارىغاندىكى خۇرسەنچىلىكىنىڭ داۋاملىشىشى ئۇ ئەرنى باشقا ئاياللارغا قىزىقىپ قېلىشتىن توسىدۇ. مانا

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

بۇ — كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاش ھەمدە الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇشقا ياردەمچى بولىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ چىرايى ئېرىنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆرۈمسىز بولسا، بۇ بەزىدە ئۇ ئەرنىڭ چىرايلىق ئايالنى ئىزدەپ زىنا قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ، ئايال كىشى كۆرۈمسىز، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەرنىڭ دىن ـ دىيانىتى ۋە ئەخلاقى ياخشى بولمىسا، ئىش تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا بالىنىڭ زىيىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، دىن ۋە ئەخلاق گۈزەللىكىدىن باشقا ھەرقانداق گۈزەللىك يوقىلىپ تۈگەيدۇ. شۇڭا دىنىي تەرەپتىكى گۈزەللىكنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك، چۈنكى دىندار بولمىغان ئايالدىكى گۈزەللىكنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوق بولۇپ، بۇنداق ئايالدا زىنھار ياخشىلىق بولمايدۇ.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى (رەھىمەھۇللاھ) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ...» دېگەن ھەدىسىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: « بۇ ھەدىستىن چىرايلىق ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چىرايلىق ئەمما دىندار ئەمەس، دىندار ئەمما چىرايلىق ئەمەس ئىككى ئايالنىڭ بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، چىرايلىق ئايالنى تاللاش مۇستەھەب بولمايدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى دىندار بولۇپ قالسا، چىرايلىقراق ئايال بىلەن ئۆيلىنىش ئەۋزەلدۇر».[1]

• بەشىنچى، ۋاقتى بار ئايالنى تاللاش

---

[1] «فتح الباري» 9 ـ توم 134 ـ بەت.

بالىسىنى مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلاردا خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ تەربىيىلەيدىغان، تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقىرالمىسا يەسلىگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئانىلارنى ئەمەس، بەلكى بالىسىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقىرالايدىغان ئانىنى تاللاش ـــ بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر. ئويلاپ بېقىڭ، بۇنداق يەسلىلەر ئانىنىڭ ئورنىنى ئالالامدۇ؟!

بۇنداق ئانا بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئانىلاردا بولىدىغان چىن مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ سىڭدۈرەلمەيدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئانا بالىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، بالا تەدرىجىي ھالدا ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، شەرىئەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە خىلاپ ئىش قىلىدىغان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق بالا بۇ جەھەتتىكى تەربىيىدىن مەھرۇم ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئانىلىرى ئېمىتمىگەن بۇ بالىلاردىن قانداقمۇ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلالايمىز؟ دادىلىرى ئۆز تەربىيىسىنى سىڭدۈرمىگەن بۇ بالىلاردىن قانداقمۇ دادىسىغا كەمتەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز؟ ئۇ بالىنى يەسلىدىكى ئىنىكئانىسى ئېمىتكەن ۋە ئۇ يەردىكى تەربىيىچىلەر تەربىيىلەپ چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۇغۇپ ئىسىم قويغان كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئېمىتىپ تەربىيىلىگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

ۋاقتى بار ئايالنى تاللاش دېگىنىمىزدە، ئايال كىشىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئۆيىنى رەتلىك تۇتۇش ۋە بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەمدە بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ھېچقانداق ئىشنىڭ توسالغۇ بولماسلىقى قاتارلىق مەقسەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى يۇقىرىقى ئىشلارغا سەل

قارىسا، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «المرأة راعية على بيت زوجها وولده، فكلكم راع وكلكم مسؤول عن رعيته» «ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئېرىنىڭ بالىلىرىغا پادىچى. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر».[1]

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بۈگۈنكى ئەسىردىكى بالىلارنىڭ ئاياللار سىرتلاردا ئىشلەيدىغان دۆلەتلەردىكى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلىك ھالەتلىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن، يېڭى تۇغقان ئانىلارنىڭ بالىسى ئۈچۈن تولۇق ئۈچ يىل ۋاقىت ئاجرىتىشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا كۆچەپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، ئانىنىڭ بالىسى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجراتمىغاندا بالىنىڭ كەلگۈسى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ۋە يامان تەسىرلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ئىشلارنى بۇ تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىشتىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان.

### ❖ ئايال تاللاشتىكى بالىغا خاس بولغان باشقا شەرتلەر

- بىرىنچى، يات ئاياللارغا نىكاھلىنىش

نىكاھلىنىشتا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن شەرتلەرگە رىئايە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يات ئايالللار بىلەن نىكاھلىنىش مۇستەھەبتۇر. ئىبنى قۇدامە ھەنبەلى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «نىكاھلانماقچى بولغاندا تۇغقاندارچىلىقى بولمىغان يات ئايالنى تاللاش ياخشىدۇر، چۈنكى ئۇنداق ئايالدىن تۇغۇلغان بالا ئىنتايىن زېرەك بولىدۇ. ئەرەبلەردە مۇنداق سۆز بار:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

‹اغتربوا لا تضووا› <بالىلىرىڭلارنىڭ ئاجىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يات ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىڭلار!>. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەتلىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھەتتا بەزىدە بۇ ئىشلار تالاق دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشى مۇمكىن. ناۋادا يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، بۇ ئاداۋەتلىك ئىشلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلاشقا بۇيرۇلغان سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ».

• ئىككىنچى، نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئىستىخارە سېلىش

دادا بولغۇچىنىڭ بولغۇسى بالىسىنىڭ ئانىسى بىلەن نىكاھلىنىش ھەققىدە رەببىگە ئىستىخارە سېلىشى — بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، دۇئا ۋە ئىستىخارە بارلىق ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە توغرا يولنى تېپىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اكتم الخطبة ثم توضأ فأحسن وضوءك ثم صل ما كتب اللّه لك ثم احمد ربك ومجده ثم قل ‹اللَّهُمَّ إِنَّكَ تَقْدِرُ وَلَا أَقْدِرُ، وَتَعْلَمُ وَلَا أَعْلَمُ، وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ، فَإِنْ رَأَيْتَ لِي فُلَانَةِ - وَتُسَمِّيهَا بِاسْمِهَا - خَيْرًا لِي فِي دِينِي وَدُنْيَايَ وَآخِرَتِي فَاقْدُرْهَا، وَإِنْ كَانَ غَيْرُهَا خَيْرًا مِنْهَا فِي دِينِي وَدُنْيَايَ وَآخِرَتِي فَاقْدُرهَا لِي›» «سەن نىكاھلانماقچى بولغان قىزنى قەلبىڭگە پۈككىن، ئاندىن كامىل تاھارەت ئېلىپ الله خالىغانچە ناماز ئوقۇغىن، ئاندىن رەببىڭگە ھەمدە ئېيتىپ ئۇنى ئۇلۇغلىغىن، ئاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگىن: <ئى الله ! سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن. سەن ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرىسەن مەن بىلمەيمەن، سەن ھەممە غەيبلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئى الله ! ئەگەر پالانى ئايال (بۇ ئورۇندا نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ ئىسمىنى

ئاتايدۇ) دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا ۋە ئاخىرەتلىكىمدە ياخشى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئايالنى ماڭا تەقدىر قىلغىن. ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئايال مېنىڭ دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا ۋە ئاخىرەتلىكىمدە مەن ئۇچۇن ياخشى بولىدىغان بولسا، شۇ ئايالنى ماڭا تەقدىر قىلغىن>».[1]

• ئۇچىنچى، بالا ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى قوغداش

بالا ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرى دادىنىڭ ئۇنى شەيتاندىن قوغدىشى ــ بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ، دادا ئۆيلەنگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن روياپقا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە بىرقانچە كۆرسەتمىلەر كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئايالىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇنىڭ كوكۇلا چېچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ (يەنى قولىنى ئايالىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ) پەيغەمبەر ﷺ قىلغان مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش: «اللهمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَمِنْ شَرِّ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ» «ئى الله! ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئۇ ئايالنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن مىجەز-خۇلقىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن؛ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن مىجەز-خۇلقىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!».[2]

2. يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، توي قىلغان ئەر-ئايال بىرلىكتە جامائەت بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لِي فِي أَهْلِي، وَبَارِكْ لَهُمْ فِيَّ، اللَّهُمَّ اجْمَعْ بَيْنَنَا مَا جَمَعْتَ بِخَيْرٍ، وَفَرِّقْ بَيْنَنَا إِذَا فَرَّقْتَ إِلَى خَيْرٍ» «ئى الله! ئەھلىم سەۋەبلىك ماڭا بەرىكەت ئاتا

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلغىن ۋە مەن سەۋەبلىك ئۇلارغىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئى اللہ! ئارىمىزنى ياخشىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگىن، ئەگەر ئارىمىزنى ئايرىۋەتمەكچى بولساڭ، ياخشىلىق تەرەپكە ئايرىغىن!»[①] دەيدۇ.

3. ئايالى بىلەن بىرگە بولماقچى بولغان كىشىنىڭ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشى سۈننەتتۇر: «بِسْمِ اللَّه، اللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ، وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا» «اللہ نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئى اللہ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن».[②] پەيغەمبەر ﷺ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «فإن قضي بينهما ولد لم يضره الشيطان أبدا» «شۇ قېتىمقى بىللە بولۇشتا اللہ پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا، شەيتان ئۇ بالىغا زىيان سالالمايدۇ».[③]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەزىدە ئاتا-ئانىلار بىرگە بولغاندا اللہ نىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغانلىقى سەۋەبلىك، بالا كۆپلىگەن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ».[④]

ئايالنى تالاشتىكى تەرەپلەر تولۇق ئادا بولغان ۋاقىتتا، دادا بولغۇچى بالىنىڭ مەنىلىك ھالەتكە كېلىشتىن ئىلگىرىكى تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەمما، ئايال كىشىنىڭ بۇ باسقۇچتا بالىسى ئالدىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى تېخى ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ.

---

① ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ بۇخارى توپلىغان.
④ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ «مختصر زاد المعاد لابن القيم» ناملىق كىتابى 89- بەت.

# بالىنىڭ دادىسىنى تاللاشتىكى ھەقلىرى

## ❖ ئەرنى تاللاشنىڭ شەرتلىرى

ئەرنىڭ سالىھ ئايالنى تاللىشى بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەققى بولغىنىدەك، ئايالنىڭمۇ سالىھ ئەرنى تاللىشى بالىنىڭ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرىنى نابۇت قىلىۋەتمەيدىغان، دىندار، ئېسىل نەسەبلىك، كېلىشكەن ۋە مالدار[1] بولۇشتىن ئىبارەت سۈپەتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان ھەمدە بالىلىرىنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن ئىلىملىك ۋە كېلىپ چىقىشى ئېسىل بولغان سالىھ دادىنى تاللىشى مۇستەھەبتۇر. الله نىڭ ياردىمى بىلەن كۆپىنچە ھالەتتە سالىھ دادىنىڭ تەربىيىسىدە سالىھ ۋە يارامىلىق پەرزەنتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، دادىنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە قەدەر كېڭىيىپ بارىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا الْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَامَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي الْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُ كَنْزٌ لَهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَالِحًا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَنْ يَبْلُغَا أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنْزَهُمَا رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ**﴾ «تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر»[2].

---

[1] بۇنىڭدىن، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالىغۇدەك مېلى بار كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[2] سۈرە كەھف 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دادىنى تاللاشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدىغان ئىككى شەرت بولۇپ، ئايال كىشى بۇ ئىككى شەرت ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئېرىنى تاللايدۇ.

- بىرىنچى، دىندار بولۇش
- ئىككىنچى، ئەخلاقلىق بولۇش

ئەر كىشىنىڭ ئەخلاقلىق ۋە دىندار ئايالنى تاللاش ھەققى بولغىنىدەك، ئايالنىڭمۇ ھەققى بار. پەيغەمبەر ﷺ توي تەكلىپى قويۇلغان ئايالنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئايالنىڭ ھەقلىرىنى ۋە بالىلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلالايدىغان، ئايالنىڭ شان-شەرىپىنى توغرا رەۋىشتە قوغدىيالايدىغان، ئائىلىسىنىڭ خىراجەتلىرىنى ئادا قىلالايدىغان ديانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق كىشىنى ئىزدىشىنى تەشەببۇس قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إذا جاءكم من ترضون دينه وخلقه فزوجوه، إلا تفعلوا تكن فتنة في الأرض وفساد عريض» «دىيانىتى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى مەمنۇن قىلغۇدەك بىرەر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، قىزىڭلارنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە تۈگەتكۈسىز پىتنە-پاسات تېرىلىدۇ».[①]

دوكتور ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سالىھ ئايالنىڭ، ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرۈشكە، يات ئەرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ھاراق ئىچىش ۋە يات ئەرلەر بىلەن تانسا ئويناشقا مەجبۇرلايدىغان، ئومۇمەن، كۆپىنچە ھالەتتە ئىسلام ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە قىستايدىغان ئەخلاقسىز ئەرنىڭ نىكاھىغا چۈشۈپ قېلىشىدىنمۇ چوڭ پىتنە بارمۇ؟

---

① تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەپسۇسكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتتا ئىپپەت ۋە پاكلىقتا باشقىلارغا نەمۇنە بولغان، ئەمما ئەخلاقسىز ئەرنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان، ئىپپەت ۋە شەرم-ھايا چۈشەنچىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ھاياسىز ئايالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان سان-ساناقسىز قىزلارنى كۆرۈۋاتىمىز.

شەكسىزكى، باللار بۇنىڭغا ئوخشاش پاسىق ۋە گۇناھكار كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئۇلار ئىختىيارسىز ھالەتتە ناتوغرا ۋە ھاياسىز مۇھىتتا چوڭ بولىدۇ ھەمدە پىتنە-پاسات ۋە يامان ئىشلار ئاساسىدا تەربىيىلىنىدۇ.

ئەر-ئاياللارنىڭ دىن ۋە ئەخلاق ئاساسىدا بىر-بىرىنى تاللىشى — ئۇلارنىڭ مۇكەممەل بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىنىڭ، باللىرىنىڭ تولۇق ئىسلامىي تەلىم-تەربىيە مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ، ئائىلىنى شان-شەرەپ ۋە ئارزۇ قىلىنىدىغان تىنچ ھاياتقا ئىگە قىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ».[1]

ئەمما، بۇ يەردە ئىختىيارسىز ھالەتتە بىر سوئال پەيدا بولىدۇ. ئايال كىشى دىندار ۋە ئەخلاقلىق بىر ئەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇ ئەرگە توي قىلىش تەكلىپى قويسا دۇرۇس بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس يېتەرلىك جاۋابتۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جاءت امرأة إلى رسول اللَّه ﷺ وسلم تعرض عليه نفسها، قالت: ‹يا رسول اللَّه، ألك بي حاجة؟›. فقالت بنت أنس: ‹ما أقل حياءها واسوأتاه›، قال: ‹هي خير منك، رغبت في النبي ﷺ فعرضت عليه نفسها›» «بىر ئايال پەيغەمبەر

[1] «تربية الأولاد في الإسلام» 1- توم 31- بەت.

ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە توي تەكلىپى قويۇپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ھاجىتىڭ بارمۇ؟› دېگەنىدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى: ‹نېمىدېگەن ھاياسىز ئايال بۇ، نېمىدېگەن ئۇيات ئىش بۇ› دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ: ‹ئۇ ئايال سەندىن ياخشى، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە قىزىقىپ توي تەكلىپى قويدى› دېدى».[1]

بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايال كىشىنىڭ سالىھ ئەرگە توي تەكلىپى قويۇشى ياكى ئۇ ئەرنىڭ تونۇشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇ ئەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى دېيىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇ ئايالنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بۇ ئەرنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش بولۇپ، ئەگەر ئەر خالىسا ئايالنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى سۈكۈت قىلىدۇ. ئايال كىشىنىڭ تەلىپىنى سۆز ئارقىلىق رەت قىلىشتىن سۈكۈت ئارقىلىق رەت قىلىش ئەدەپ جەھەتتىن ياخشىدۇر.

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىنىڭ سالىھ ۋە تەقۋادار ئەرگە نىكاھلىنىش ئۈچۈن، ئەر كىشىگە توي تەكلىپى قويۇشى مۇستەھەبتۇر». بۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم، ئۇ ئەر دىندار ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك.

- ئۈچىنچى، باراۋەر[2] بولۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇنىڭدىن قىز-ئوغۇلنىڭ ياش-قۇرام، مال-مۈلۈك، نەسەب ۋە باشقا جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)»[1].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىر بۆلۈك ئالىملار بۇ ئايەتنى <نىكاھتا باراۋەرلىك شەرت قىلىنمايدۇ> دېگەنگە دەلىل قىلغان، يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار فىقھى كىتابلاردا سۆزلەنگەن باشقا دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ <نىكاھتا باراۋەرلىك بولۇش كېرەك> دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان».[2]

فىقھىشۇناس ئالىملارنىڭ باراۋەرلىك ھەققىدە ئېيتقان ئەڭ توغرا ۋە ئومۇمىي ھالەتتىكى سۆزى بولسا، دىن-دىيانەت جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولۇشىدۇر. يەنى، ئەيب-نۇقسانلاردىن خالىي بولۇپ، ئىختىيارلىقىنى تەلەپ قىلالايدىغان بولۇشتۇر. فىقھىشۇناس ئالىملارنىڭ قارىشىچە، باراۋەر بولۇش — ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم دائىرىدىكى باراۋەرلىكتۇر. ئالىملار ئەرنىڭ ئايالنى تاللاشتىكى شەرت ۋە ئۆلچەملىرىنىڭ ئايالنىڭ ئەرنى تاللاشتىكى شەرت ۋە ئۆلچەملىرىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تخيروا لنطفكم، وانكحوا الأكفاء، وأنكحوا إليهم» «ئۆزۈڭلارغا لايىق ئاياللارنى تاللاڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىن ئۆيلىنىڭلار ۋە قىزلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياتلىق قىلىڭلار!».[3]

ئىمام مالىك (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «باراۋەرلىكتە دىن-

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «تفسير القرآن العظيم» 3- توم 195- بەت.
[3] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

دىيانەتتىن باشقىسى شەرت قىلىنمايدۇ».

كۆپچىلىك ئالىملار «ئەر-ئايال دىن-دىيانەت، ھۆرلۇك، نەسەب ۋە ھۈنەر-كەسىپتىن ئىبارەت تۆت ئىشتا باراۋەر بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەر بىلەن، سالىھ ئايال پاسىق ئەر بىلەن، ھۆر ئايال قۇل ئەر بىلەن، يۇقىرى نەسەبلىك ئايال تۆۋەن نەسەبلىك ئەر بىلەن، تىجارەتچى ياكى ھۈنەر-كەسپى بار كىشىنىڭ قىزى ئاددىي ياكى كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ھۈنەر-كەسپى بار كىشى بىلەن نىكاھلانمايدۇ. ئەمما، بۇ ئىشلاردا باراۋەر بولماي تۇرۇپمۇ ئايال ياكى ئايال كىشىنىڭ ۋەلىيلىرى رازى بولسا، بۇ نىكاھ دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ» دەپ قارىغان.

ئىمام مالىك (رەھىمەھۇللاھ) ۋە ئۇنىڭ مەزھىبىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر چوكاننىڭ دادىسى قىزىنىڭ نەسەب ۋە شان-شەرەپ جەھەتلەردە ئۆزىدىن تۆۋەنرەك، ئەمما دىن-دىيانەتتە باراۋەر بولغان كىشىگە نىكاھلىنىشىغا قوشۇلمىسا، بۇ ۋاقىتتا سۇلتان قىزنىڭ دادىسى ۋە ۋەلىيلىرىنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، ئۇ قىزنى ئۇ كىشىگە نىكاھلاپ قويىدۇ».

• تۆتىنچى، ئايالنىڭ نىكاھلانماقچى بولغان ئەرنى ياقتۇرىدىغان بولۇشى

بەزىدە دىندار، ئەخلاقلىق، باراۋەر، ئىززەت-ھۆرمەتلىك بىر يىگىتنى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ياقتۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەمما قىز كەمبەغەل باشقا بىر كىشىگە نىكاھلىنىشقا رازى بولىدۇكى، ئۇ يىگىتنى ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا قىزنىڭ رايى باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ رايىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <بىزنىڭ ئۆيدە بىر يېتىم قىز بار ئىدى، ئۇنىڭغا بىر كەمبەغەل ئادەم بىلەن بىر باي ئادەم ئەلچى بولۇپ كەلدى، ئۇ قىز كەمبەغەل ئادەم بىلەن نىكاھلىنىشقا قىزىقىۋاتىدۇ، بىز بولساق باي ئادەمگە قىزىقىۋاتىمىز> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <لم ير للمتحابين غير الزواج> <بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان (ئەر-ئايال) لار ئۇچۇن ئۆيلىنىشتىنمۇ ياخشى چارە يوق>[1] دېدى».

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مەن سىزنىڭ تۇغقاندارچىلىقىڭىز، ئامانەتدار، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە راستچىل ئىكەنلىكىڭىزگە قىزىقىپ قالدىم» دېگەن.

دېمەك، راستچىللىق، ئامانەتدارلىق، ئېسىل ئەخلاق ۋە سېخىيلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى الله ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر ئەنە شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەرنى ياخشى كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ. شۇڭلاشقا، قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرى ۋە كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئەلچىلىكىنى رەت قىلىۋەتكەن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، بۇ گۈزەل ئەخلاقلار سەۋەبلىك پەيغەمبەر ﷺ نى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېرى بولۇشقا تاللىغان.

ئەر-ئاياللار رازىمەنلىك، يارىتىلىش ۋە ئەخلاق جەھەتلەردىكى سۈپەتلەردە بىر-بىرىگە قانچە يېقىنلاشسا، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە شۇنچە تۈرتكە بولىدۇ (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەر-ئايال ئىككى تەرەپتە بۇ تەلەپلەر تولۇق ھازىرلانغان ۋاقىتتا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ياخشى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرەلەيمىز.

ئىسلامنىڭ ئېسىل ھېكمەتلىك قانۇنلار ئارقىلىق ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى تاللىغاندا ھەربىرىگە لايىق كېلىدىغان شەرت ۋە سۈپەتلەرنى يولغا قويۇشى — ئىسلامنىڭ بالا مەنىلىك ھالەتكە كېلىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچتىلا ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ئىشلار ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۈيۈك نەتىجىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئىسلام ئۇرۇق تۇپراقنى تاشلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، مېۋىسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى شۇ تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىكىگە باغلىغان.

شۇڭلاشقا، تېرىلغان ئۇرۇقنىڭ ياخشى ئۈنۈشى، تېرىغان كىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى مۇنبەت تۇپراقنى تاللاش ئۈچۈن كۆپلىگەن شەرت ۋە قائىدىلەرنى يولغا قويغان. مانا بۇ — كامالىي كۆيۈنۈش ۋە يېگانە ھېكمەتتۇر.

## 2 - باب

# بالىنىڭ تۆرەلمە ھالەتتىكى ھەقلىرى

ئالدىنقى بۆلەكتە بالىنىڭ مەنىيلىك ھالىتىدىن ئىلگىرىكى باسقۇچى ھەققىدە توختىلىپ، بالا ئۇچۇن ياخشى ئانا تاللاش بىلەن ياخشى دادا تاللاشتىن ئىبارەت بالىنىڭ مۇھىم بولغان ئىككى تۈرلۈك ھەققىنى بايان قىلغان ئىدۇق. بۇ بۆلەكتە بولسا بالىنىڭ تۆرەلمە ھالىتىدە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ھامىلدار بولغۇچى ئانىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەقلەر، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، تۆرەلمىنىڭ ئىسلامدىكى ھەقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ ھەقلەرنى بىرقانچە تۈرگە يىغىنچاقلايمىز. ئۇلار:

❖ **بىرىنچى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھامىلدار ئانىغا جىسماني ۋە روھىي جەھەتلەردە كۆڭۈل بۆلۈشى**

ئىسلام شەرىئىتى چوڭ كىشى ياكى كىچىك بالا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە سەل قارىماستىن، ھەقلىرىنى بەلگىلەپ مەسئۇلىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تۆرەلمىنىڭ ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. ۋەھالەنكى، ھامىلدار ئانىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئەمەلىيەتتە تۆرەلمىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنْ كُنَّ أُولَاتِ حَمْلٍ فَأَنْفِقُوا عَلَيْهِنَّ حَتَّى يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ**﴾ «ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار»[1].

[1] سۈرە تەلاق 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باھارىس «ولدك هذا الكائن المجهول» ناملىق كىتابىدا ئەمىن رۇۋەيھەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئايالى ھامىلدار مەزگىلدە ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر، چۈنكى ھامىلدار ئايال بۇ ۋاقىتتا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە شەرت-شارائىتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىگە ئىنتايىن موھتاج بولىدۇ. ئايال كىشى قورساقتىكى ھامىلە سەۋەبلىك جىسمانىي جەھەتتىن چارچاپلا قالماي، يېقىندا دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان يېڭى بوۋاق ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ روھىي جەھەتتىنمۇ چارچايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئايال كىشى غەم-قايغۇ ۋە خۇشاللىقتىن ئىبارەت تۇراقسىز روھىي كەيپىياتنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادا بۇ مەزگىلدە كۆپ سەۋر قىلىشى، ئايالىنىڭ تېز ھاياجانلىنىش ۋە ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئاندىكى تېز ھاياجانلىنىش، نېرۋا ۋە روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىشىش قاتارلىق ناچار روھىي ھالەتلەرنىڭ تۆرەلمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە ئىسپاتلانغان».

بەزى مۇتەخەسسىس ئالىملارمۇ بالىدىكى قورقۇش، غەزەپلىنىش، ھۇرۇنلۇق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئالامەتلەرنىڭ ئانىنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ھاياجانلىنىش ۋە تۈرلۈك روھىي ئامىللارنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دوكتور لەيلا ئابدۇرەشىد ئەتتار مۇنداق دېگەن: «ھامىلدار ئانا ئۆزىدىكى روھىي تەشۋىشسىزلىق ۋە ھاياجانلىنىش ئامىللىرىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن الله نى ئەسلەش، قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىش ياكى تىڭشاش، ناماز ئوقۇش... قاتارلىقلار ئارقىلىق الله قا يېقىنلىشىشى لازىم. مانا بۇلار — ئۇ ئايالغا تەمكىنلىك، ئىشەنچ-بىسقلىق ۋە روھىي جەھەتتىن

تەڭپۇڭلۇق ئاتا قىلىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[①].

يۇقىرىقى ئىشلارغا قوشۇلۇپ، ھامىلدار ئانا ئۆزىنىڭ ئېرى ھەققىدە ۋە تۇغۇتقا ئالاقىدار ئىشلاردا الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىسە، شەكسىزكى، ئۇ ئايال الله تائالا تەرەپتىن كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ھامىلدار ئانا الله قا يېقىن بولغانسېرى، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى شۇنچە سالامەت بولىدۇ؛ الله نىڭ ھۆكۈملىرىدىن يىراقلاپ كەتكەنسېرى، روھىي جەھەتتىكى كىرزىسقا پېتىپ قالىدۇ ۋە قورسىقىدىكى بالا شۇنچە بىئارام ۋە خاتىرجەمسىز ھالەتتە بولىدۇ.

**❖ ئىككىنچى، ئىسلام شەرىئىتى تۆرەلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھامىلدار ئايالدىن روزا ۋە بىر قىسىم پەرزلەرنى ساقىت قىلىدۇ**

ئايالىلار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە روھىي جەھەتتىن تۇراقسىز بولۇشتىن سىرت، تېنى ئاجىز ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا قان بېسىمى تۆۋەن بولىدۇ، ئومۇمىي ساغلاملىق ھالىتىمۇ تۇراقلىق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالغا ئۆزى ۋە قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ ئوزۇقلىنىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن بولۇپ، ئانىنىڭ ئاجىزلىقى بالىغا تەسىر كۆرسىتىپ بالىمۇ ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام دىنى جاپا ـ مۇشەققەت تارتقۇچى ئايال ۋە ئۇنىڭ بالىسىنىڭ

---

[①] سۇرە رەئد 28ـ ئايەت.

ساغلاملىقىغا ئۆزىنىڭ كامالىي مېھرىبانلىقى ئاساسىدا كۆڭۈل بۆلگەن. ھامىلدار ئايال بىر قىسىم پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندا قورسىقىدىكى بالىسىغا زىيان يېتىدىغان بولۇپ قالسا، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله نىڭ ئۇ ئايالدىن شۇ پەرزلەرنى ساقىت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ھامىلدار ئايال ھامىلىگە زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماي تۇرۇپ، رامىزان ئېيىدىن كېيىن روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئىسلام بۇ ئارقىلىق تۆرەلمىنى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرخىل زىيانلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه وضع عن المسافر نصف الصلاة والصوم عن الحبلى والمرضع» «الله تائالا مۇساپىردىن نامازنىڭ يېرىمىنى قالدۇرۇۋەتتى. بالا ئېمىتىۋاتقان ۋە ھامىلدار ئايالدىن روزىنى قالدۇرۇۋەتتى».[1]

بالىنىڭ كەلگۈسى ۋە ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۇشتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدىنمۇ ياخشى بىر كۆرسەتمە بارمۇ؟!

**❖ ئۈچىنچى، ئىسلام شەرىئىتى ھامىلدار ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە ئۇنىڭغا ھەد يۈرگۈزۈشنى كېچىكتۈرىدۇ**

ئىسلام ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مېھرىبانلىقى، ئاجايىپ كەڭ قورساقلىقى ۋە مىسلىسىز رەھىمدىللىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىغا رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقلارنى ئاتا ئەتكەن.

زىنا قىلىپ سالغان بىر ئايال چالما-كېسەك قىلىنىش ئارقىلىق

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

گۇناھتىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھەد يۈرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىپ، ھامىلدار ھالەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىسلامنىڭ بۇ ئايال بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان كەڭ قورساقلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىتىنى ئېچىپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ گۇناھى ۋە جىنايىتى بولمىغان بالىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە ھەدنى كېچىكتۈرگەن. تۆرەلمە ھالەتتىكى بالا قانداقمۇ ئۇ ئايالنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازاغا تارتىلىدۇ؟! مانا بۇ ــ بالىنىڭ تۆرەلمىلىك ھالىتىدە ئىسلامنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يارقىن دەلىلىدۇر.

ئى سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! ئىمام مۇسلىم سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدەدىن، ئۇ دادىسىدىن نەقىل قىلغان، مائىز دېگەن كىشى بىلەن غامىد قەبىلىسىلىك ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىق قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەدىسكە قۇلاق سېلىڭ. ئۇ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «... ثم جاءته امرأة من غامد من الأزد، فقالت: يا رسول اللَّه، طهرني. فقال: ‹ويحك ارجعي، فاستغفري اللَّه وتوبي إليه›. فقالت: أراك تريد أن تردني كما رددت ماعز بن مالك؟ قال: ‹وما ذاك؟› قالت: إنها حبلى من الزنا. فقال: ‹آنت؟› قالت: نعم. فقال لها: ‹حتى تضعين ما في بطنك›، قال: فكفلها رجل من الأنصار حتى وضعت، قال: فأتى النبي ﷺ، فقال: قد وضعت الغامدية. فقال: ‹إذا لا نرجمها وندع ولدها صغيرا ليس له من يرضعه›، فقام رجل من الأنصار فقال: ‹إلي رضاعه يا نبي اللَّه، قال: فرجمها›».

«غامىد قەبىلىسىلىك بىر ئايال كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم، مېنى بۇ گۇناھتىن پاكلاپ قويساڭ ــ دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى (گېپىنى ئىڭشىماي) قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئايال ئەتىسى يەنە كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىسەن؟ قارىغاندا مېنى خۇددى مائىزنى (ئۇنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالماي) قايتۇرۇۋەتكەندەك قايتۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايسەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن (زىنادىن) ھامىلدار — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سىز زىنادىن ھامىلدارمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال:

— ھەئە، شۇنداق — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا:

— ئاۋۋال بالىنى تۇغۇڭ — دېدى. بۇرەيدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىرىسى ئۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىن تۇغۇپ بولغۇچە خەۋەر ئالدى. ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئەنسارى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھېلىقى غامىدىلىك ئايال تۇغۇپ بولدى — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— شۇنداقتىمۇ ئۇنى چالما-كېسەك قىلمايمىز، چۈنكى بالىسىنى ئېمىتىدىغان ئادەم يوق. ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ كىچىك بالىنى ئىگە-چاقىسىز تاشلاپ قويساق بولمايدۇ — دېگەندە، ئەنسارىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ بالىسىنى مەن باقاي — دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى». [1]

وفي رواية أخرى لمسلم أيضا «فلما ولدت أتته بالصبي في خرقة، قالت هذا قد ولدته»، قال: «اذهبي، حتى تفطميه، فلما فطمته أتته بالصبي في يده كسرة خبز». فقالت: «هذا يا نبي اللَّه قد فطمته وقد أكل الطعام فدفع الصبي إلى رجل من المسلمين ثم أمر بها فحفر لها إلى صدرها وأمر الناس فرجموها ...»» «سەھىھ مۇسلىم» دا

[1] مۇسلىم توپلىغان.

كەلگەن يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بالىسىنى يۆگەككە يۆگەپ ئېلىپ كەلدى ۋە: ‹بالا مانا، مەن تۇغۇپ بولدۇم› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹بالا سۈتتىن ئايرىلغۇچە ئېمىتىڭ› دېدى. بالا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇ ئايال بالىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا يەنە كەلدى، بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان تۇراتتى. ئۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بالىنى سۈتتىن ئايرىپ بولدۇم، تاماق يېيەلىگۈدەك بولدى› دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ بالىنى مۇسۇلمانلاردىن بىرسىگە بېرىپ، ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىگە كەلگۈدەك ئورا كولاشقا بۇيرۇدى. ئورا كولانغاندىن كېيىن كىشىلەرنى ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلدى».

بۇ ھەدىس تۆرەلمە گەرچە زىنادىن بولغان بالا بولسىمۇ، ئۇنى ھىمايە قىلىپ ساقلاپ قالسا بولىدىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىل بولىدۇ. ئەگەر زىنادىن تۇغۇلغان بالىنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايال ھامىلدار ھالىتىدە تۇنجى كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا يۈرگۈزۈلىدىغان جازانى بالىسىنى تۇغۇپ سۈتتىن ئايرىغۇچە كېچىكتۈرگەن. ئۇ ئايال بالىسىنى سۈتتىن ئايرىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەندە ئۇنىڭغا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان ئىدى.

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىسى زىنادىن بولغان ياكى ئۇنداق بولمىغان بولسۇن، ئۇ ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ جازالانمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى

ئۆلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن جازانى كىچىكتۈرۈش ئىتتىپاقى كېلىنگەن مەسىلىدۇر. شۇنىڭدەك، ئەگەر ھامىلدار ئايالنىڭ جازاسى دەررە ئۇرۇش بولسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن ئۇ ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە دەررە ئۇرۇلمايدۇ».

**❖ تۆتىنچى، ئىسلام شەرىئىتى ئانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بالىسىنىڭ يېمەكلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا﴾ «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ»[①].

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ مەريەمگە ھۆل خورمىنى تاللاپ بەرگەنلىكىدىن، ھۆل خورمىنىڭ نىپاسدار ئاياللارغا ئەڭ پايدىلىق يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ».

يېقىنقى زامان تېبابىتى ھۆل خورمىنىڭ ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقى ۋە تۇغۇتىنىڭ ئاسان بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، تۇغۇتتىن كېيىن كۆپ قان چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھامىلە ئېغىرلىقىنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئانا بولغۇچىنىڭ ئاخىرقى ئايلاردا تەركىبىدە كىراخمال، شېكەر ۋە ماي بولغان ھەرخىل يېمەكلىكلەردىن يىراق تۇرۇشى ياخشى بولىدۇ.

**❖ بەشىنچى، ئىسلام شەرىئىتى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش، تىرىك كۆمۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىغا زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ھارام قىلغان**

---

① سۈرە مەريەم 25- ئايەت.

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ تۆرەلمە ھالىتىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ھارام قىلغان. بۇ مۇددىتى توشماستىن ياكى تولۇق شەكىللىنىپ بولماستىنلا چۈشۈرۈۋېتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ھامىلىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭ ھامىلىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ھامىلە سىرتقى ئامىل سەۋەبىدىن ياكى ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسۇن، ھەممىسى «إجهاض» دېيىلىدۇ. «إجهاض» دېگەن سۆز «أجهضت الناقة» «يەنى، تۆگە بالىسىنى تاشلىۋەتتى» دەپمۇ كېلىدۇ.

«إجهاض» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ـــ تېخى ۋاقتى توشماستىنلا چۈشۈپ كەتكەن ھامىلە دېگەنلىك بولۇپ، فىقھشۇناس ئالىملار بۇ سۆزنى مۇشۇ مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ھامىلىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىشى بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلىشى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇ بالا باشقىلار تەرىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولسا، چۈشۈرۈۋەتكەن كىشى گۇناھكار (جىنايەتچى) ھېسابلىنىدۇ ھەمدە الله نىڭ ئازابىغا لايىق بولىدۇ، ئەمما ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىش ئۇنداق بولمايدۇ.

دوكتور ئابباس شۇمان مۇنداق دېگەن: «بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار بولۇپ، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ياكى كەمبەغەللىك سەۋەبى بىلەن ھامىلىدىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلىپ بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش. بۇنداق قىلىش الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق چەكلەنگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئًا كَبِيرًا﴾** <كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى

ئۆلتۈرمەڭلار[1]. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر>[2].

2. ئانا ئىمتىئاتقان بالىسى بار ھالەتتە ھامىلدار بولۇپ قالسا، سۈتى توختاپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ قورسىقىدىكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش.

3. ھامىلىنىڭ ئانىسى ياكى دادىسىدىكى كېسەل سەۋەبلىك، ھامىلىنىڭمۇ شۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش.

4. ھامىلە ئانىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بولۇپ قالسا، ئانىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەش.

5. قورسىقىدىكى ھامىلە زىنادىن بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش.

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن سەۋەبلەر بار بولۇپ، شۇلار تۈپەيلى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ».

بەزىدە ئانىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلماستىن دورا ئىچىشى، ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈشى ياكى بەتبۇي پۇراقنى پۇرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەنمۇ ھامىلە چۈشۈپ كېتىدۇ؛ يەنە بەزىدە بىر كىشىنىڭ ھامىلدار ئايالنى ئۇرۇشى ياكى قورقۇتۇشىدىن ئىبارەت جىنايەت ۋاستىلىرى سەۋەبلىكمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھامىلە بەزىدە مەقسەتلىك چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ، يەنە بەزىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش مەقسەت قىلىنمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇلار ئانا ياكى باشقىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ.

---

[1] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر نامراتلىقتىن قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى.

[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل 31- ئايەت.

شۇڭلاشقا، تۆرەلمە بەزىدە جىنايەت ۋاسىتىسى بىلەن، بەزىدە ھېچقانداق سەۋەبسىزلا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇممەت ھالال نىكاھتىن پەيدا بولغان ھامىلىنى روھ پۈۋلىنىپ بولغاندىن كېيىن زۆرۈرىيەت دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئۆزرە بىلەن چۈشۈرۈۋېتىشنى ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت دەپ قاراپ، ئىسلامنىڭ بۇنى ھارام قىلغانلىقىغا ۋە بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىغا ئىجماغا كەلگەن. بۇ خىل جىنايەتنى ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە پاك ۋە شەرەپلىك روھلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. مانا بۇ — الله تائالا قۇرئاندا بايان قىلغان ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىنغان بىر جاننى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ**﴾ «الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[①].

ھامىلىنى يۇقىرىدىكى مەقسەتلەر سەۋەبلىك چۈشۈرۈۋېتىش جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى تىرىك كۆمگىنىگە ئوخشايدۇ. ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش قەبىھلىكتە بالىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن قېلىشمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ ۞ بِأَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ ۞**﴾ «تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۇڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا [8-9]»[②]. بۇنىڭغا الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ: ﴿**قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ قَتَلُوا أَوْلَادَهُمْ سَفَهًا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمُ اللَّهُ افْتِرَاءً عَلَى اللَّهِ قَدْ ضَلُّوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ**﴾ «ھاماقەتلىك ۋە

---

[①] سۈرە ئەنئام 151 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە تەكۋىر 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەتلەر.

نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «‹أن تجعل للّه ندا وهو خلقك، وأن تقتل ولدك مخافة أن يطعم معك، وأن تزاني حليلة جارك› ‹الله سېنى ياراتقان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، سەن بىلەن تاماق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ ۋە قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ›»[2] دېگەن، ئاندىن كېيىن الله تائالانىڭ ﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا۝ يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا۝﴾ «ئۇلار الله قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [68]. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ [69]»[3] دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان.

«الوأد» — قىز بالىنى تىرىك كۆمۈش دېگەنلىكتۇر. الله تائالا قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ۝ بِأَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ۝﴾ «تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى

---

[1] سۈرە ئەنئام 140 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە فۇرقان 68 ـ ۋە 69 ـ ئايەتلەر.

گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا [8-9]»①. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر يۈز-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ﴾ «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار!② »③ دەپ خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى ھەمدە بالىلىرىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ رىزىقىغا كېپىل بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ ﴿نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئًا كَبِيرًا﴾ «ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»④ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇنداق تۇرۇپ، مۆئمىن كىشى بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ جىنايەتكە قانداقمۇ قەدەم ئالىدۇ؟

**❖ ئالتىنچى، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگۈچى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوڭ زىيان تارتىدۇ**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ قَتَلُوا أَوْلَادَهُمْ سَفَهًا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمُ اللَّهُ افْتِرَاءً عَلَى اللَّهِ قَدْ ضَلُّوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾ «ھاماقەتلىك، نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت

① سۈرە تەكۋىر 8- ۋە 9- ئايەتلەر.

② جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر نامراتلىقتىن قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى.

③ سۈرە بەنى ئىسرائىل 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە بەنى ئىسرائىل 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاپمىدى»[①].

دېمەك، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىز ھەمدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ دۇنيادا تارتىدىغان زىيىنى ــ بالىلىرىدىن ئايرىلىش ۋە ئۆزلىرىچە بىر ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، مال-چارۋىلارنى ھارام قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش؛ ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيىنى ــ ئۇلار الله قا يالغاننى چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەڭ يامان جاي بولغان دوزاخقا كىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

**❖ يەتتىنچى، ئىسلام شەرىئىتى تۆرەلمىنىڭ قاتىلىنى دىيەت تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ**

شەرىئەت تۆرەلمىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا روھ پۈۋلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىشنى ھارام قىلىپلا قالماستىن، سەۋەنلىك بىلەن شۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىغا شەرئىي ھالەتتىكى دىيەت تۆلەشنى ۋاجىب قىلغان. شەرئىي دىيەت «غرة» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىر قۇل ياكى بىر دېدەك ئازاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ــ ھامىلدار ئايالنىڭ تۆرەلمىسىنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ كەففارىتىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ھەمشىرىسىگە تاش ئېتىپ ئۇنىڭ تۆرەلمىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئايالنى تۆرەلمىنىڭ ۋەلىيلىرىگە بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇغان. ئەگەر تۆرەلمە ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ (يەنى بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەيدۇ)؛

[①] سۈرە ئەنئام 140 ـ ئايەت.

ئەمما تۆرەلمە ھايات ھالەتتە چۈشۈپ، ئاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا چوڭ كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەش ۋاجىب بولىدۇ. چوڭ كىشىنىڭ دىيىتى ئەر كىشى ئۈچۈن 100 تۆگە، ئايال كىشى ئۈچۈن 50 تۆگە تۆلەشتۇر.

**❖ سەككىزىنچى، ئىسلام شەرىئىتى تۆرەلمىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى قوغدايدۇ**

ئىسلام شەرىئىتى تۆرەلمىنىڭ جىسمانىي تەرەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مال-مۈلۈك تەرەپلەردىكى ھەقلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، بالا تۇغۇلغانغا قەدەر ئۇنىڭ مىراسىنى قوغدايدۇ. ۋاپات تاپقان كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال-مۈلكى قورساقتىكى بالىسىغا «تۆرەلمە ئوغۇل» دەپ پەرەز قىلىپ تۇرۇپ تەقسىملىنىدۇ. ئەگەر تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسا، بۆلۈپ قويغان نېسىۋىسى بېرىلىدۇ؛ ئەگەر تۇغۇلغان بالا قوشكېزەك قىز بولسا، ھېلىقى ئوغۇل دەپ پەرەز قىلىپ بۆلۈپ قويغان مال-مۈلۈك ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش قىلىپ تەقسىملەپ بېرىلىدۇ؛ ئەمما تۇغۇلغان بالا بىرلا قىز بولسا، ئوغۇل ئۈچۈن بۆلۈپ قويغان نېسىۋىنىڭ يېرىمى باشقا ۋارىسلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ؛ ئەگەر تۇغۇلغان بالا قوشكېزەك ئوغۇل بولسا، بارلىق ۋارىسلاردىن يەنە بىر بالىنىڭ نېسىۋىسى قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ھامىلە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ۋارىسلارنىڭ ھەقلىرىنى قوغداشتا ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن بۇ خىل ئۇسۇل (ھامىلىنى ئوغۇل دەپ پەرەز قىلىپ تۇرۇپ مىراسنى تەقسىملەش) قوللىنىلىدۇ.

ئىمام بەغەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى ۋاپات تېپىپ، قورساقتىكى ھامىلە ئۇنىڭ ۋارىسى بولسا، مېيىتنىڭ قالدۇرۇپ

كەتكەن مىراسى ئۇ ھامىلە ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھامىلە ھايات تۇغۇلسا مىراس ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدۇ؛ ئەگەر ھامىلە ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا مىراس بېرىلمەي مېيىتنىڭ باشقا ۋارىسلىرىغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ؛ ئەگەر ھامىلە ھايات تۇغۇلۇپ، چۈشكۈرۈش ياكى نەپەسلىنىشكە ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئاۋاز چىقارسۇن ياكى چىقارمىسۇن مېيىتتىن مىراس ئالىدۇ». [1]

ئەگەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئاۋاز چىقارغان بولسا، مېيىتتىن مىراس ئالىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إذا استهل المولود ورث» «يېڭى تۇغۇلغان بالا ئاۋاز چىقارسا، ئۇنىڭغا مىراس بېرىلىدۇ». [2]

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ‹لا يرث الصبي حتى يستهل صارخا واستهلاله أن يصيح أو يعطس أو يبكي› ‹يېڭى تۇغۇلغان بالىغا ئىڭراپ ئاۋاز چىقارغانغا قەدەر مىراس بېرىلمەيدۇ، بالىنىڭ ئىڭرىشى ياكى چۈشكۈرۈشى ۋە ياكى يىغلىشى ئۇنىڭ ئاۋاز چىقارغانلىقى ھېسابلىنىدۇ›». [3]

ئەمما، بالا لەنەت ئېيتىشقان[4] ياكى زىنا قىلغان ئايالنىڭ بالىسى بولسا، ئۇ پەقەت ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنلا مىراس ئالىدۇ ھەمدە ئۇ ئايال ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ پەقەت شۇ بالىدىنلا مىراس ئالىدۇ. لەنەت ئېيتىشقان ئايال ھەققىدە «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىس كىتابلاردا

---

[1] «شرح السنة» 8- توم 368- بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] لەنەت ئېيتىشىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز سۈرە نۇر 6- ئايەتنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.

سەھىل ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «بۇ ئايالنىڭ بالىسى ئانىسىغا نىسبەت بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۈننەت بالا ئۇ ئايالدىن مىراس ئالىدىغان ھەمدە ئايالمۇ (الله ئايال كىشىگە بەلگىلەپ بەرگەن ئۈلچەم بويىچە) شۇ بالىدىن مىراس ئالىدىغان بولۇپ داۋاملاشتى».

**❖ توققۇزىنچى، ئىسلام شەرىئىتى تۆرەلمە ئۈچۈن رامىزاننىڭ پىتىر زاكىتى بېرىشنى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ**

دادىنىڭ تۆرەلمە ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى بېرىشى مۇستەھەب بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھەقتە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆرەلمە ئۈچۈن پىتر سەدىقىسى بەرگەنلىكى ھەققىدە ئەسەرلەر نەقىل قىلىنغان.

ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كۆپچىلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارىشىدا تۆرەلمە ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزدىمۇ ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمە خۇددى چارۋىلارنىڭ تۆرەلمىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ[①]، ئۇنىڭغا پىتىر زاكىتى بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ. تۆرەلمىنىڭ ھايات تۇغۇلۇش شەرتى ئاستىدا مىراس ۋە ۋەسىيەتتىكى ھۆكۈملىرىدىن باشقا ھېچقانداق دۇنيالىق ھۆكۈملىرى بېكىتىلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش مۇستەھەب بولىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆرەلمە ئۈچۈن بەرگەن پىتىر زاكىتى — پىتىر زاكىتى ۋاجىب بولمايدىغان كىشىلەر ھەققىدە قىلىنغان سەدىقىدۇر، شۇڭلاشقا تۆرەلمە ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىشمۇ باشقا نەپلە سەدىقىلەرگە ئوخشاش مۇستەھەبتۇر».[②]

[①] بۇنىڭدىن چارۋا ـ ماللارنىڭ تۆرەلمىلىرىگە زاكات كەلمىگەندەك، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىگىمۇ پىتىر زاكىتى كەلمەيدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

[②] «المغني» 3ـ توم 80ـ بەت.

يۇقىرىقىلار تۆرەلمىگە خاس بولغان بايانلاردۇر. ئەمما يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش ۋاجىبتۇر، بۇ مەسىلە ھەققىدە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى باسقۇچتىكى بايانلىرىمىزدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

بۇ دىن نېمىدېگەن بۈيۈك ـ ھە! چۈنكى بۇ دىن تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان، قاتمۇقات قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى بىر پارچە گۆشنىڭ ھەققىنى قوغدايدۇ.

## 2 - بۆلۈم

# بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرى

بۇ باسقۇچ بالىنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار ئۆزئارا بىۋاسىتە ۋە ئەمەلىي مۇئامىلە قىلىشىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ باسقۇچ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇئامىلە قىلىشىش بولمىغان ئىلگىرىكى باسقۇچقا ئوخشىمايدۇ.

جامائەت تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ يۈكسەك پرىنسىپلىرى بىلەن ھەربىر كىشىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دادا، ئانا ۋە بالىدىن ئىبارەت بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر جامائەت ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي ئاجىزلىق بىلەن يارىتىلغان بالىنىڭ (مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ ئىشتا پەقەت ھەقلىرىلا بولىدۇ، مەجبۇرىيەتلىرى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، شەرىئەت بالىلار تەرەپتىكى مەجبۇرىيەتلەرنى پەقەت ئاتا-ئانىلارغا يۈكلەيدۇ.

بۇ باسقۇچ بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن باسقۇچ بولغاچقا، بۇ باسقۇچنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى دەۋرگە بۆلۈشنى لايىق كۆردۇق.

بىرىنچى باب، بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋر.

ئىككىنچى باب، بالا سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەت يېشىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋر.

## 1 ـ باب

# بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەقلىرى

### ❖ بالا تۇغۇلغان ۋاقىت

تۆرەلمە ئانىنىڭ قورسىقىدا ئۇزۇن مەزگىللىك يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئەڭ قىيىن ۋاقىتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تۇغۇلىدۇ. مانا بۇ ــ تۆرەلمىنىڭ يېڭى بىر ھاياتلىققا چىقىش باسقۇچىدىكى باشلىنىش مىنۇتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى ۋاقىتنى چوقۇم بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بىرىنچىسى بوۋاقلىق ھالىتىدە دۇنياغا كۆز ئاچقاندىكى ۋاقىت، ئىككىنچىسى بولسا ئۆلۈم ۋاقتىدۇر.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئىككى ۋاقىتقا نىكاھلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر ۋاقىتنىمۇ قوشۇپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئىنساننى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئاجايىب ئىشلار يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، بۇ ۋاقىت باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلۇش مىنۇتلىرىدا ئائىلە ئەزالىرى ئانىنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە تولغاقتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا قايغۇرۇش ھېسسىياتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت خۇشاللىق ئارىسىدا بولىدۇ.

نىكاھلىنىش ۋاقتىدا بولسا ئانىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە ياشاش، تەربىيىلەش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاسراشلاردىن كېيىن قىزىنى يات بىر ئەرگە تاپشۇرۇش ئالدىدا يىغلاۋاتقانلىقىنى؛ دادىنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا چاچلىرىنى

تاراپ قويۇۋاتقان قىزنىڭ ياتلىق بولغانلىقىنى ياكى كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويىدىغان ئوغلىنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىق يېشى تۆكۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

ئۆلۈم — مېيىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قايغۇرىدىغان، ئەمما ھېچبىر خۇشاللىق يوق تۇرۇپ، ئەيىبلىگۈچىلەر ۋە دۈشمەنلەر خۇشال بولىدىغان ۋاقىتتۇر.

ئەلەملىك ۋارقىراشلارغا يېڭى بوۋاقنى كۈتۈش خۇشاللىقلىرى ھەمراھ بولىدۇ؛ خۇشاللىق ياشلىرىغا داقا-دۇمباق ۋە مۇڭلۇق نەشىدىلەر ھەمراھ بولىدۇ؛ قايغۇلۇق يىغىلارغا تەبرىكلەپ خۇشال بولۇش ئارىلىشىپ كېلىدۇ. سۇبھانەللاھ!

مانا بۇ ھەيران قالارلىق پەرقلەر ھاياتىمىزدىكى شۇ ۋاقىتلارنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ۋاقىت ئانا بىلەن بوۋاقتىن ئىبارەت ئىككى جاننىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ ۋاقىت ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە اللە نىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھاياتى تەڭلا ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ئورۇندا ئوقۇرمەنلەرگە ئەنە شۇ قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا دادىنىڭ بالىسى ئۈچۈن قىلىشى ياخشى ۋە مۇۋاپىق دەپ قارالغان، بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرىنى بايان قىلىمىز.

## بىرىنچى، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن دادىنىڭ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشى

دادىنىڭ بۇ قېيىنچىلىق سائەتلىرىدە اللہ قا يېلىنىشى ۋە ئۆزىگە پەرزەنت رىزىق قىلىپ بەرگەن ھەمدە پەرزەنتىنىڭ ئانىسىنىڭ ھاياتى ۋە ساقلىقىنى ساقلاپ بەرگەن اللہ نىڭ نېئمىتىگە شۈكرى قىلىشى ۋە اللہ نى كۆپ ئەسلىشى ياخشى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، دادا بولغۇچىنىڭ مەريەمنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقان ۋاقتىدا قىلغان دۇئا بىلەن پەرزەنتىگە دۇئا قىلىشى ياخشى بولىدۇ. مەريەمنىڭ ئانىسى دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ**﴾ «مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇچۇن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن!»①.

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «(مەريەمنىڭ ئانىسى) <ئى اللہ ! ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بالىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىشىڭنى سورايمەن> دەپ دۇئا قىلغاندا اللہ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان».②

دادا بولغۇچى يەنە: «اللَّهم أنبته نباتا حسنا» «ئى اللہ ! ئۇنىڭ شەكلىنى ۋە چىرايىنى گۈزەل قىلغىن» دېگەن دۇئانى قوشۇپ دۇئا قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ دۇئا اللہ تائالانىڭ ﴿**فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنْبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا**﴾ «ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى»③ دېگەن

---

① سۈرە ئال ئىمران 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «تفسير القران العظيم» 12- توم 469- بەت.

③ سۈرە ئال ئىمران 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۆزىگە مۇۋاپىقتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى دۇكەيىن كەسىر ئىبنى ئۇبەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە بوۋاق تۇغۇلغانلىقىنى بىلسە، ئۇلاردىن: ‹بوۋاق ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟› دەپ سورىمايتتى، بەلكى: ‹بوۋاق بىجىرىم ۋە سالامەت تۇغۇلۇپتىمۇ؟› دەپ سورايتتى. ئەگەر: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بېرىلسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹الحمد للّٰه رب العالمين› ‹بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر› دەيتتى».[1]

ئائىلىگە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋە ئوماق پەرزەنتى بىلەن بىرگە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟! ئۇنىڭ ھەرىكىتى كۆڭۈللەرنى شاد-خۇراملىققا چۆمدۈرىدۇ، ۋارقىرىغان ياكى يىغلىغان ئاۋازى كىشىگە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىب مۇڭلۇق بولۇپ، ئاتا-ئانا ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى لەرزىگە سالىدۇ.

[1] بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

## ئىككىنچى، بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش

بوۋاق تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش مۇستەھەبتۇر. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر: «أنه أذن في أذن الحسن حين ولد» «پەيغەمبەر ﷺ ھەسەن تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتقان».[1] بۇنىڭغا يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسمۇ دەلىل بولىدۇ: «أن النبي ﷺ أذن في أذن الحسن بن علي يوم ولد، وأقام في أذنه اليسرى» «پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتقان ۋە سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتقان».[2] بەزى مۇسنەد كىتابلاردا «پەيغەمبەر ﷺ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇغان» دەپ نەقىل قىلىنغان.

بەزى كىشىلەر ئەجەبلىنىپ: «بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا بەك كىچىك تۇرسا قۇلىقىغا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى قانداق ئاڭلىيالايدۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما يېڭى زامان تېبابىتى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ خىل قاراشنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلاپ چىققان. يەنى، تۆرەلمىنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا باشلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. تەجرىبىلەر يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۆرەلمىلىك ھالىتىدە ئۇنىئالغۇ لىنتىسى ئاڭلاشقا ئادەتلەندۈرۈلگەن بالىدا تۇغۇلۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ ئاۋازنىڭ تەسىرى نامايان بولۇشقا

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] بەيھەقى توپلىغان ۋە «ئىسنادى زەئىپ» دېگەن.

باشلىغان، يەنى ئۇ بالىنىڭ يىغىسى تۆرەلمىلىك مەزگىلىدە ئاڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاش ئارقىلىق توختىغان. مانا بۇ ـــ بالا تۆرەلمە ھالىتىدە ئاڭلىغان نەرسىنىڭ بالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇنداقتا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ئەزاننىڭ بالىغا قانداقمۇ تەسىرى بولمىسۇن؟

باھارىس مۇنداق دېگەن: «<بالىنىڭ يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا بۇلارنى چۈشىنىپ بولالمايدۇ> دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ مۇبارەك سۈننەتكە سەل قاراش لايىق ئەمەس. بالا، تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئاڭلىغان ئەزاننىڭ ئاۋازى ۋە كەلىمىلىرىنى ئەستە ساقلىۋالالايدۇ ھەمدە ئۇ ۋاقىتتا شەيتانمۇ ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إن الشيطان إذا سمع الأذان يولي وله ضراط» «شەيتان ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئۇسۇرغان پېتى ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇشنىڭ ھېكمىتى ـــ (الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) ئىنساننىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان سۆزنىڭ الله نىڭ كاتتىلىقى، بۈيۈكلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزان كەلىمىلىرى ۋە ئىسلامغا كىرگەندە تۇنجى بولۇپ ئېيتىلىدىغان شاھادەت كەلىمىلىرى بولۇشىدۇر. خۇددى دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئىنسانغا تەۋھىد كەلىمىسى ئېيتىپ بېرىلگىنىدەك، دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ھەم ئىسلام شوئارلىرى ئۆگىتىلگەن بولىدۇ. بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئوقۇلغان ئەزاننىڭ ئۇنىڭ قەلبىگىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلمايدۇ. <بوۋاق بۇلارنى ھېس قىلالمايدۇ> دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن پايدىلىرى بار بولۇپ، شەيتان ئەزان كەلىمىلىرىنى ئاڭلىغاندا قاچىدۇ. شەيتان بوۋاققا ھەمراھ بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ-دە، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى الله تەقدىر قىلغان ۋە خالىغان مىقداردا قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. دېمەك، بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ ئەزان ئاڭلىتىلسا، شەيتان دەسلەپكى قەدەمدىلا ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئاچچىقلىتىدىغان كەلىمىلەرنى ئاڭلايدۇ».[①]

بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنى قاتتىق سىقىش ئۈچۈن شەيتان بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تەييار تۇرىدۇ. شەيتانىنىڭ بۇ سىقىشىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلۇپ قالمىغان.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «ما من مولود إلا وقد عصره الشيطان عصرة أو عصرتين إلا عيسى ابن مريم ومريم» «ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئانىسى مەريەمدىن باشقا ھەرقانداق يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى شەيتان بىر ياكى ئىككى قېتىم قاتتىق سىقىدۇ».[②]

بوۋاق تۇغۇلغان ھامان قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇغاندا، بالا شەيتانىنىڭ چاقىرىقى ۋە ئۆزىنى سىقىشىدىن ئىلگىرى الله نىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدا يەنە بىر مەزمۇن بار بولۇپ، بالا، شەيتان ئۆز تەرىپىگە چاقىرىشتىن ئىلگىرى الله قا، الله نىڭ دىنى ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە چاقىرىلغان بولىدۇ».[③]

---

① «تحفة المودود بأحكام المولود» 32ـ بەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «تحفة المودود بأحكام المولود» 32ـ بەت.

ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى بىلىشى كېرەككى، باللار بۇ ھاياتقا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ ھەقىقەتتى بولمىغان تەلىم ـ تەربىيىلەردە ئەمەس، بەلكى تەۋھىد ئاساسىدىكى ساغلام تەلىم ـ تەربىيىدە ئۆسۈپ يېتىلىشى لازىم.

## ئۈچىنچى، بالىنىڭ ئېغىزلاندۇرۇلۇشتىكى ھەققى

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇش بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىن بولۇپ، بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئالىملار ئىجماغا كەلگەن. بۇ ھەقتە «سەھىھ بۇخارى» دا ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «عن أسماء بنت أبي بكر أنها حملت بعبد اللّٰه بن الزبير قالت: فخرجت وأنا متم، فأتيت المدينة، فنزلت بقباء فولدته بقباء، ثم أتيت به النبي ﷺ فوضعه في حجره، ثم دعا بتمرة فمضغها، ثم تفل في فيه، فكان أول شيء دخل جوفه ريق رسول اللّٰه ﷺ ثم حنكه بالتمرة، ثم دعا له، وبرك عليه، فكان أول مولود ولد في الإسلام ففرحوا به فرحا شديدا؛ لأنهم قيل لهم: إن اليهود قد سحرتكم، فلا يولد لكم» «مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققان ۋاقتىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھامىلدار ئىدىم ۋە تۇغۇت ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مەدىنىگە كېلىپ قۇباغا چۈشۈپ يەڭگىدىم. ئاندىن بوۋاقنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ قۇچىقىغا قويدۇم. پەيغەمبەر ﷺ بىر تال خورمىنى ئەكەلدۇرۇپ ئۇنى چاينىدى، ئاندىن بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا تۈكۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھنىڭ قورسىقىغا تۇنجى بولۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكى كىردى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ چاينىغان خورمىسى بىلەن ئۇنى ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلامدا تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاق بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئابدۇللاھنىڭ تۇغۇلغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇشتى، چۈنكى مۇسۇلمانلارغا: ‹يەھۇدىيلار سىلەرنى سېھىرلەپ قويدى، ئەمدى سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار

بولمايدۇ› دېيىلگەن ئىدى».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «‹تحنيك› — بىر نەرسىنى چايناپ ئۇنى بالىنىڭ ئىغىزىغا سىلىش ياكى سۇركەش ئارقىلىق بالىنى ئىغىزلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش بالىنى يېيىشكە كۆندۈرۈش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بالىنى ئىغىزلاندۇرغاندا ئىغىزلاندۇرغان نەرسىنىڭ بالىنىڭ ئاشقازىنىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن، بالىنىڭ ئىغىزىنى ئېچىش لازىم. قۇرۇق خورمىدا ئىغىزلاندۇرۇش ئەڭ ياخشى، ئەگەر قۇرۇق خورما تېپىلمىسا ھۆل خورما بىلەن، ئەگەر ئۇمۇ تېپىلمىسا تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىغىزلاندۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر ئىچىدە ھەسەل ياخشىراقتۇر، ئەگەر بۇمۇ بولمىسا روزىدار ئادەم ئىپتار قىلىدىغان يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش، ئوتتا پىشۇرۇلمىغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئىغىزلاندۇرۇلسىمۇ بولىدۇ».[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ذهبت بعبد اللّه بن أبي طلحة الأنصاري إلى رسول اللّه ﷺ حين ولد، ورسول اللّه ﷺ في عباءة يهنأ بعيرا له، فقال: ‹هل معك تمر؟› فقلت: ‹نعم› فناولته تمرات فألقاهن في فيه، فلاكهن، ثم فغرفا الصبي، فمجه في فيه، فجعل الصبي يتلمظه. قال رسول اللّه ﷺ: ‹حب الأنصار التمر› وسماه عبد اللّه » «ئەبۇ تەلھەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ تۇغۇلغان ۋاقتىدا، مەن ئابدۇللاھنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ (يوللۇق) بىر تونىنى يېپىنىۋالغان بولۇپ، (قوتۇر بولۇپ قالغان) تۆگىسىنى مايلاۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ﷺ مەندىن: ‹سەندە خورما بارمۇ؟› دەپ سورىغانىدى، مەن: ‹ھەئە› دېدىم. ئاندىن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 501- ۋە 502- بەت.

پەيغەمبەر ﷺ گە بىرقانچە تال خورمىنى ئۇزاتتىم، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئېغىزىغا سېلىپ يۇمشاق چايناپ بالىنىڭ ئېغىزىغا سالغان ئىدى، بالا خورمىنى يالاپ شورىغىلى تۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ماۋۇ ئەنسارىلارنىڭ خورمىنى ياخشى كۆرگەنلىكىگە قاراڭلار!> دېدى ۋە ئۇنىڭغا <ئابدۇللاھ> دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى». ①

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك پايدىلارنى چىقىرىشقا بولىدۇ: بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇش. بۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك بارلىق ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن سۈننەتتۇر؛ بوۋاقنى سالىھ ئەر ياكى ئايال كىشىلەرنىڭ قۇرۇق خورمىدا ئېغىزلاندۇرۇشى مۇستەھەبتۇر. ئەگەر ئۇ تېپىلمىسا باشقىسى بىلەن ئېغىزلاندۇرسىمۇ بولىدۇ، ئەمما قۇرۇق خورما بىلەن قىلىش ياخشىدۇر». ②

ئىلگىرىكى ئىككى ھەدىسكە ئاساسەن، بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ يولى مۇنداق: دادا بىر تال قۇرۇق خورمىنى ئېلىپ ئېغىزىدا ياخشى چاينايدۇ، ئاندىن چاينىغان خورمىدىن بارمىقىغا ئازراق ئېلىپ بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا سالىدۇ ۋە ئېغىزىنىڭ ئىچىگە سۈركەپ، خورما بالىنىڭ ئاشقازىنىغا يېتىپ بارغان ياكى بارمىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر قۇرۇق خورما بولمىسا، بۇخارى نەقىل قىلغان ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە كەلگەندەك، ھەرقانداق تاتلىق نەرسە بىلەن قىلىنسا بولىۋېرىدۇ.

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «صحيح مسلم بشرح النووي» 4- توم 852- ۋە 853- بەت.

دادا بولغۇچى ئىلگىرى سۆزلىنىپ ئۆتكەن ھەدىستىكى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە قىلغاندەك، سۈننەتكە ئەگىشىش ئۈچۈن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئېغىزلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق تائام بەرمەسلىكى لازىم، دادا بۇنداق قىلغاندا سۈننەتكە ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىرىدىن يەنە، ئېغىزلاندۇرۇش قاننى جانلاندۇرۇپ، بالىنىڭ ئېغىزىدىكى يۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ ھەمدە ئانىسىنى ئېمىشنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى رول ئوينايدۇ.

مۇھەممەد سەئىد مەۋلىۋى مۇنداق دېگەن: «بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش ۋە چىشىنىڭ ئورۇنلىرىغا يۇمشاق چاينالغان قۇرۇق خورما سۈركەپ بېرىش قاننى جانلاندۇرۇپ، ئېغىزىدىكى يۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. مانا بۇ ــ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ كۆكسىنى ئېمىشكە ۋە سۈتنى يۇتۇشنى ئۆگىنىشكە ياردەملىشىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر».[1]

---

[1] «كيف يربى المسلم ولده» 97- بەت.

# تۆتىنچى، بالىنىڭ ئەقىقىدىكى ھەققى

«العقيقة» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «كېسىش» دېگەنلىك بولىدۇ. «عق والديه» نىڭ مەنىسى «بالا ئاتا-ئانىسىدىن سىلە-رەھىمنى ئۈزدى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلانغان بولسا، بۇ «عق عن ولده» «بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلدى» دېيىلىدۇ. «العقيقة» دېگەن سۆز شەرئىي ئاتالغۇدا ـــ بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بوغۇزلانغان قوينىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىقە قىلىنىدىغان قوينىڭ بوغۇزى كېسىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ قوي «العقيقة» «ئەقىقە» دەپ ئاتالغان.

ئەقىقە قىلىش زور كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا سۈننەتتۇر. ئەقىقە قىلىش بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مع الغلام عقيقة فأهريقوا عنه دما وأميطوا عنه الأذى» «بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىقە قىلىپ قان ئاققۇزۇڭلار ۋە چېچىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇڭلار!». ①

سەمۇرەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كل غلام رهينة بعقيقته يذبح عنه يوم السابع ويحلق رأسه ويسمى» «يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق ئۆز ئەقىقىسى ئۈچۈن سويۇلىدىغان مالغا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلىنىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلىدۇ». ②

«رهينة» ـــ بالا ئۈچۈن چوقۇم ئەقىقە قىلىنىش لازىم دېگەنلىك بولىدۇ.

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنىڭ ئۇچۇن بالا گۆرۈگە قويۇلغان مالغا ئوخشىتىلغان. ئەقىقە ھەققىدە كەلگەن يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسەن، ئەقىقە قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ـــ زور كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملار ۋە كۆپلىگەن ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قارىشىدۇر.

ئەقىقىدە ئوغۇل ئۇچۇن ئىككى قوي، قىز ئۇچۇن بىر قوي بوغۇزلاش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «عن الغلام شاتان مكافئتان وعن الجارية شاة» «ئوغۇل ئۇچۇن ئوخشاش ئىككى قوي، قىز ئۇچۇن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ».①

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ ـــ شەرئىي قائىدىدۇر. ﷲ تائالا ئوغۇل بىلەن قىزنى پەرقلىق قىلغان. قىز ـــ مىراس، دىيەت، گۇۋاھلىق، قۇل ئازاد قىلىش ۋە ئەقىقە قاتارلىق ئىشلاردا ئەرنىڭ يېرىمىغا باراۋەردۇر».②

**❖ ئەقىقە ئۇچۇن قويدىن باشقا ھايۋانلار بولسىمۇ بولامدۇ؟**

بەزى ئالىملار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «فأهريقوا عنه دما» «ئۇنىڭ ئۇچۇن قان ئاققۇزۇڭلار!» دېگەن ھەدىسىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى دەلىل قىلىپ: «تۆگە ۋە كالىغا ئوخشاش ھايۋانلار بىلەن ئەقىقە قىلسىمۇ دۇرۇس، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە ئېنىق بىر ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئاتىمىغان» دەپ قارايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «عن الغلام شاتان مكافئتان وعن الجارية شاة » «ئوغۇل ئۇچۇن ئوخشاش ئىككى قوي، قىز ئۇچۇن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ»

① ئەھمەد، بەيھەقى ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② «تحفة المودود» 43ـ بەت.

دېگەن سۆزى يۇقىرىقى ئومۇمىيلىقتىن خاسلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەقىقە پەقەت قوي بىلەن قىلىنىدۇ دەپ قارايمىز.

دادا بولغۇچى ئەقىقە قىلماقچى بولغان مالنىڭ ھەرقانداق ئەيىبلەردىن خالىي بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئەقىقە قىلىنىدىغان مالنىڭ شەرتى قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ شەرتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مالدا قارىغۇ، ئورۇق، سۇنۇق ۋە كېسەل دېگەندەك ئەيىبلەرنىڭ بولۇشى دۇرۇس بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ گۆش ۋە تېرىلىرى سېتىلمايدۇ، سۆڭەكلىرى سۇندۇرۇلمايدۇ. گۆشىنى بوۋاقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەيدۇ ۋە بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەمما بالىغا شۇ مالنىڭ قېنى سۈركەلمەيدۇ، بۇ جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستىكى «اجعلوا مكان الدم خلوقا» «قاننىڭ ئورنىغا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىڭلار!»[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، زەپىرانغا ئوخشاش خۇشپۇراق نەرسىلەر ئىشلىتىلىپ جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىدىن يىراق قىلىنىدۇ.

دادا بولغۇچى ئەقىقە قىلماقچى بولغان مالنى بوغۇزلاشتا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشى كېرەك. مال بوغۇزلىغاندا: «بسم اللّٰه، اللّٰهم لك واليك، هذه عقيقة فلان» «الله نىڭ نامى بىلەن بوغۇزلايمەن. ئى الله ! بۇنى ساڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ سەن ئۈچۈن بوغۇزلىدىم، بۇ پالانىنىڭ ئەقىقىسى» دېيىشى ۋە ئەقىقە قىلىنىدىغان مالنى بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بوغۇزلىشى لازىم.

ئەقىقە قىلىنىدىغان مالنى يەتتىنچى كۈنى بوغۇزلاشنىڭمۇ ھېكمىتى بار بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، بالا تۇغۇلغان كۈن بىلەن ئەقىقە قىلىنىدىغان كۈن ئايرىلىدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بالا تۇغۇلغان كۈنى ئانا

[1] ئەلبانىنىڭ «السلسلة الصحيحة» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 752 ـ بەت.

بىلەن بالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىشلىرى بىلەنلا ئالدىراش ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۇلار مەشغۇلاتىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ قويىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. يەنە كېلىپ بىر قىسىم كىشىلەر قاتتىق تىرىشمىسا قوي تاپالمايدۇ. ناۋادا ئەقىقىنى بىرىنچى كۈنى قىلىش بۇيرۇلغان ئىش بولسا ئىدى، ئاتا-ئانىلارغا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى.[1]

بەزىلەر مۇنداق سوئال سوراپ قېلىشى مۇمكىن: «دادا بولغۇچى ئوغۇل ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلايدۇ ھەمدە ئۇ گۆشنىڭ بىر قىسمىلىرىنى سەدىقە قىلىدۇ، يەنە بىر قىسمىلىرىنى ئۆز ئائىلىسى ۋە يېقىنلىرى بىلەن يەيدۇ. ئەمما يېڭى تۇغۇلغان بالا بۇ گۆشنى يېيەلمەيدىغان تۇرسا، بۇنىڭ ئۇ بالىغا نېمە پايدىسى بار؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەقىقە قىلىش قانداقسىگە بالىنىڭ ھەققى بولىدۇ؟».

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالا ئۈچۈن بوغۇزلانغان مال يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىدىغان ۋە بىقىنىغا نوقۇيدىغان شەيتاندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بالا، شەيتان ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە دوستلىرىغا تەييارلاپ بەرگەن پىچاق بىلەن بوغۇزلاش ئۈچۈن توختىتىلىپ قويۇلغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئەقىقە شۇ بالىنى شەيتاننىڭ ئىسكەنجىسىدىن، ئەسىر قىلىنىۋېلىشىدىن ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىشىدىن

---

[1] مۇھەممەد نۇر سۇۋەيدنىڭ «منهج التربية النبوية للطفل» ناملىق كىتابى 67- بەت.

قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان پىدىيىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن الله قا قەسەم قىلغان. بالا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپلا شەيتان ئۇ بالىنى دائىم ئازدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بالا دۇنياغا كۆز ئاچقان ھامان ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتان ئالدىراپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىشقا، ئەسىر قىلىۋېلىشقا، ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە گۇرۇھىدىن قىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. دېمەك، شەيتان بۇلارغا ئىنتايىن ھېرىسمەندۇر». ①

❖ **ئەقىقە قىلىشنىڭ تۇۋەندىكىدەك بىرقانچە پايدا ۋە ھېكمەتلىرى بار:**

• بىرىنچى، ئەقىقە — بوۋاقنى ھاياتلىق نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتقان دەسلەپكى دەقىقىلەردە الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان قۇربانلىقتۇر.

• ئىككىنچى، الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مال قۇربانلىق قىلىشى ئارقىلىق ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ساقلاپ قالغىنىدەك، ئەقىقە بوۋاقنى ھەرخىل مۇسىبەت ۋە ئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

• ئۈچىنچى، ئەقىقە قىلىش ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ قىيامەت كۈنى سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۇممەتلەرگە پەخىر قىلىدىغان بىر مۇئمىن جاننىڭ كۆپەيگەنلىكىگە خۇشال بولۇش.

• تۆتىنچى، جەمئىيەت ئەزالىرى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تاماق داستىخانلىرىغا جەم بولۇپ، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت ۋە

---

① ئىبنى قەييىمنىڭ «تحفة المودود بأحكام المولود» ناملىق كىتابى 71- بەت.

دوستلۇق ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىدۇ.

• بەشىنچى، ئەقىقە ئۈممەت ئىچىدىكى كەمبەغەللىك ۋە موھتاجلىقنى تۈگىتىدىغان دىنىي ئەھكام ھېسابلىنىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاۋانچا سوقۇش، تۇز سېپىش، بوۋاقنى غەلۋىرگە قويۇش ۋە شاملارنى ياندۇرۇش قاتارلىق ئىشلىرى ھەمدە بالا ھەمرىيىنى ئېقىن سۇغا تاشلىشى، ھەسەت ۋە سېھىردىن ئەنسىرەپ بوۋاقنىڭ بويىنىغا ھەرخىل تۇمار، مونچاقلارنى ئېسىپ قويۇشى بالىغا پايدىسىدىن يامانلىقى كۆپ بولغان يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەت ۋە ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر قاتارىدىندۇر.

بالىنىڭ ئەقىقىسى قىلىنىدىغان كۈندە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىشى ۋە بىدئەتلەردىن يىراق تۇرۇشى — بوۋاقنىڭ ھەقلىرى قاتارىدىندۇر. ئەگەر ئۇلار (ئاتا ـ ئانىلار) ئۇنداق قىلمىسا، الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن ئۆز نېسىۋىلىرىنى تولۇق ئالمىغان بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ﴾ «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟)»[①].

---

[①] سۈرە بەقەرە 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## بەشىنچى، بالىنىڭ چېچى چۈشۈرۈلۈشتىكى ھەققى

يېڭى تۇغۇلغان بالىدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش بالىنىڭ ھەقلىرىدىن بولۇپ، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئەزىيەت يوقىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «أميطوا عنه الأذى» «بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇڭلار!». [1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) «فتح الباري» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «‹سۈنەن ئەبۇ داۋۇد› تا مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: ‹ئەزىيەتنى يوقۇتۇشنىڭ بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشتىن باشقا ئىشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن›. ئەسمەئى ‹ئەزىيەتنى يوقۇتۇش بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشتۇر› دېگەن قاراشنى مۇقىملاشتۇرغان. تەبەرانىينىڭ ‹ئەلئەۋسەت› ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ‹ويماط عنه الأذى ويحلق رأسه› ‹بالىدىن ئەزىيەت يوقىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ›». [2] «سۈنەن تىرمىزى» دا ئەلقەمە توغرىسىدىكى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ‹يسمي ويحلق رأسه› ‹بالىغا ئىسىم قويۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ›». [3]

بوۋاق چېچىنىڭ ئېغىرلىق باراۋىرىدە ئالتۇن ياكى كۈمۈش سەدىقە قىلىش مۇستەھەبتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ دىن قىزىقتۇرۇلغان بىرقانچە ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «فتح الباري» 5471 ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى.
[3] «صحيح الترمذي» 1229 ـ ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«يا فاطمة احلقي رأسه وتصدقي بزنة شعره فضة، فوزنته فكان درهما أو بعض درهم» «ئى فاتىمە! بۇنىڭ (يەنى ھەسەننىڭ) چېچىنى چۈشۈرۈپ، چاچنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلىڭ» دېگەنىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە، بىر دەرھەم ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراقىغا توغرا كەلدى».[1]

كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ مۇبارەك سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمان دادىنىڭ «چاچنى چۈشۈرۈش زىيانلىق ياكى ياخشى چۈشۈرەلمەيمەن» دېگەندەك قوبۇل قىلىنمايدىغان ئەرزىمەس سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ بۇ سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ياكى بىپەرۋالىق قىلىشى لايىق بولمايدۇ. سۈننەتكە ئەگىشىش سەۋەبلىك ئائىلىگە بەرىكەت يېغىشى ۋە پېقىر-مىسكىنلەرگە قىلىنغان سەدىقىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دادا ئىمكانىقەدەر چاچ چۈشۈرەلەيدىغان تەجرىبىلىك باشقا بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىشى لازىم. مانا بۇ دىنىي ئەھكامنىڭ بوۋاققا پاكىزلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر. چاچ چۈشۈرۈش ـــ چاچنىڭ جانلىق بولۇشىغا، باشتىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا، كۆرۈش، پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىملىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

**❖ چاچ چۈشۈرۈش ـــ چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس**

چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرمەي قالدۇرۇپ قويۇش بولسا ھازىرقى زاماندىكى ناچار ئادەتتۇر. بەزى دادىلار بالىسىنىڭ چېچىنى تولۇق

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

چۈشۈرۈۋەتمەي بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ ۋە «بۇ شەكىلدىكى چاچ بالىنى تېخىمۇ چىرايلىق ۋە گۈزەل كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا جاۋابىمىز شۇكى، سىز چىرايلىق ۋە گۈزەل دەپ قارىغان بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ﷺ چەكلىگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي نهى عن القزع» «پەيغەمبەر ﷺ چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن».[①]

«القزع» — كىچىك بالىنىڭ چېچىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

ھەرقانداق دادا چاچنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈشنىڭ ئىسلام تەشەببۇس قىلىۋاتقان مۇكەممەل ئادىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئىسلام بوۋاقنىڭ چېچىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى چۈشۈرمەي قالدۇرۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن. چۈنكى، بۇ — باشقا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر كىشىنىڭ بىرلا ئاياغدا مېڭىشىنى چەكلىگىنىگە ئوخشايدۇ، يەنى ئۇ كىشى ئىككى پۇتىغا ئاياغ كىيىپ مېڭىشى ياكى پۇتۇنلەي ئاياغسىز مېڭىشى كېرەك.

دادا بولغۇچى چاچ چۈشۈرۈشنىڭ بالىغا زىننەت ۋە ھەقىقىي گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم، چۈنكى بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسى مۇكەممەل ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىلا ئېلىپ كېلىدۇ.

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## ئالتىنچى، بالىنىڭ چىرايلىق ئىسىم قويۇلۇشتىكى ھەققى

بالىغا ئىسىم قويۇش بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، ئىنسان كىشىلەر ئارىسىدا ئىسىم ئارقىلىق تونۇلىدۇ ۋە باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

### ❖ ئىسىم قويۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى

ئىسىم قويۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، اللّٰه تائالا سەييىدىمىز مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ مەريەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېيتقان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وَإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ «(ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى): ‹مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن›»[①].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت بالا تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇنى بۇ ئايەتنىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىدە بېكىتىلگەن ئىشتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹ولد لي الليلة ولد سميته باسم أبي إبراهيم› ‹بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىر بالام تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويدۇم›[②]».[③]

---

[①] سۈرە ئال ئىمران 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] «تفسير القرآن العظيم» 1- توم 469- بەت.

سەمۇرەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە كەلگەندەك، بەزىدە بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الغلام مرتهن بعقيقته تذبح عنه يوم سابعه ويسمى» «يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق ئۆز ئەقىقىسىگە گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ، بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلىنىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلىدۇ».①

ئىسىم قويۇش ئىشىدا ھۆكۈم كەڭرى بولۇپ، ئىسىمنى بالا تۇغۇلۇپلا ياكى يەتتىنچى كۈنى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا قويسىمۇ بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىسىم قويۇشنىڭ ئەسلى مەقسىتى ـــ ئىسىم قويۇلغۇچىنى تونۇشتۇرۇشتۇر. چۈنكى، بوۋاق ئۇنى تونۇشتۇرىدىغان ھېچقانداق ئالامەت ياكى ئىسىم يوق ھالەتتە تۇغۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ تونۇشتۇرۇشنى ئۇ تۇغۇلغان كۈنى ياكى ئۈچىنچى كۈنىگىچە ۋە ياكى ئەقىقىسى قىلىنىدىغان كۈنىگىچە كېچىكتۈرسىمۇ ھەممىدە بۇ ۋاقىتلاردىن بۆرۈن ياكى كېيىن تونۇشتۇرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلارنىڭ قايسىسىدا قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم كەڭرىدۇر».②

## ❖ چىرايلىق ئىسىم تاللاش ۋە ئۇنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بوۋاققا ئىسىم قويۇش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىن بولغىنىدەك، چىرايلىق ئىسىم قويۇشمۇ ئۇنىڭ ھەقلىرى قاتارىدىندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى بالىلىرىغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «من ولد له ولد فليحسن اسمه وأدبه» «كىمنىڭ بالىسى تۇغۇلسا، بالىسىغا چىرايلىق ئىسىم قويسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئەدەپ-

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «تحفة المودود بأحكام المولود» 120 ـ بەت.

ئەخلاق ئۆگەتسۇن!». [1] ئىسىم ئىگىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، چىرايلىق ئىسمى بار كىشىنىڭ ئىسمى ئۇ كىشىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى بۇ ياخشى مەنە ۋە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسمىدىن ھايا قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورۇنلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارغا ئىسىم تاللىغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسىملارنى تاللاش كېرەك.

ئىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى «ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان» دېگەن ئىسىملاردۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن أحب أسمائكم إلى اللّٰه عبد اللّٰه وعبد الرحمن» «اللہ قا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىسىملار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان دېگەن ئىسىملاردۇر». [2] بۇلار ئوغۇل بالىلار ھەققىدە كەلگەن ئىسىملاردۇر. قىزلارغا نىسبەتەن زەينەپ، فاتىمە، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە ئائىشە... دېگەندەك ئىسىملار چىرايلىق ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ قەبىھ ياكى مەنىسى ياخشى بولمىغان ئىسىملارنى چىرايلىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقانچە قېتىم بالىسىغا «حربا» «ئۇرۇش، جەڭ» دەپ ئىسىم قويماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىم ئۇنى «ھەسەن، ھۇسەين ۋە مۇھسىن» قاتارلىق چىرايلىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. [3]

بەزى دادىلار بالىلىرىغا باشقىلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىشقا ۋە

[1] «مشكاة المصابيح» 3138- ھەدىس.
[2] مۇسلىم، تىرمىزى، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان.
[3] ھاكىم توپلىغان ۋە ئىسنادى «سەھىھ» دېگەن.

يامان لەقەم بىلەن ئاتىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ. بەزىلەر بالىسىغا «كلب» «ئىت»، «جحش» «تەخەي»، «ظالم» «زالىم»، «سكلوع» «نامرات» ۋە «جربوع» «سەرگەردان» دېگەندەك ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ. دادا ئۆز بالىسىغا بۇنداق ئىسىملارنى قانداقمۇ قويىدىغاندۇ؟! مانا بۇلار ـــ دادا بالىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئىشلاردۇر.

بۇ خۇددى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان قىسسىگە ئوخشايدۇ. بىر ئادەم بالىسىنىڭ ئۆزىنى قاقشاتقانلىقىنى شىكايەت قىلىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنى ئىنچىكە سۈرۈشتە قىلىپ، دادىسىنىڭ بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىق ئىسىم قويماي، «جعرانا» «تېزەك، ماياق» دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا الله نىڭ كىتابىدىن ھېچنەرسە ئۆگەتمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىنىڭ دادىسىغا قاراپ: «بالاڭ سېنى قاقشىتىشتىن ئىلگىرى سەن بالاڭنى قاقشىتىپسەن (يەنى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماپسەن)» دېگەن.

دادا بولغۇچى بالىسىغا يۇقىرىقىدەك مەسخىرە قىلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىسىملارنى قويغان ۋاقىتىدا، بالىسىنىڭ بويىنىغا بىر ئارغامچىنى سالغان ۋە ئارغامچىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن، ئارغامچا ئۇچىنى بالىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ قوللىرىغا تاشلاپ بەرگەن بولىدۇ. يەنى، بالىنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنى بۇ قەبىھ ئىسىملار بىلەن مەسخىرە قىلىپ، بۇ ئىشلارنى كۆلكىنىڭ يولى قىلىۋالىدۇ. بۇ ئىسىم بالىنىڭ

كەلگۈسى ھاياتىدا ئۇ تونۇلىدىغان لەقەم بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بالىنىڭ پېشانىسىدىن ئۆچمەيدىغان كەمسىتىش ۋە مەسخىرىلىك كۆلۈشنىڭ ۋاسىتىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئالىملار بالىلارغا «شيطان» «شەيتان»، «كليب» «كۈچۈك»، «شهاب» «ئاقار يۇلتۇز»، «حمار» «ئېشەك»، «عبد النبي» «پەيغەمبەرنىڭ قۇلى» ۋە «ملك الملوك» «شاھلارنىڭ شاھى» دېگەندەك ئىسىملارنى ياكى «خالق» «ياراتقۇچى»، «قدوس» «مۇقەددەس» ۋە «رەھمان» دېگەندەك ئىسىملارنى ۋە ياكى «عبد الكعبة» «كەئبىنىڭ قۇلى»، «عبد العزى» «ئۇززانىڭ قۇلى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىم قويۇلغۇچىغا ماس كەلمەيدىغان ئىسىملارنى قويۇشنى مەكرۇھ دەپ قارىغان.①

قىزلارغا «نهاد» «يېتىلىپ قالغان قىز»، «عصمت» «بۇلاپكا» ۋە «ئېھسان» دېگەندەك ھەمدە بۇلارغا ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇھ دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىسىملار بالىنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا مەسخىرە قىلىنىشىغا ۋە پەس كۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.②

دادا بولغۇچى «مۇھەممەد» نى «مى مى»، «فاتىمە» نى «فى فى» دېگەندەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسىملارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ئەركىلىتىپ چاقىرىشتىن، ئوغۇل بالىنىڭ بوشاڭ ۋە ئايال مىجەز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىسىملاردىن ئېھتىيات قىلىشى لازىم.

بالىغا ئىسىم قويۇش دادىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ولد لي الليلة مولود فسميته باسم أبي إبراهيم» «بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىر

① «الفقه الإسلامي وأدلته» 3- توم 642- بەت.
② «مسئولية الأب المسلم» 58- بەت.

بالام تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم».[1]

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالا ھۆرلۈك ۋە قۇللۇقتا ئانىسىغا، نەسەب ۋە ئىسىم قويۇشتا دادىسىغا، دىن ـ دىيانەت جەھەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىسىغا تەۋە بولىدۇ».[2]

دادا ئوغلىغا «پالانىنىڭ دادىسى» دەپ كۇنىيەت قويۇپ قويسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ باللارغا كۇنىيەت قويۇپ قويغان بولۇپ، تومۇچۇق ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ بىر كىچىك بالىنى ئىسمى بىلەن ئەمەس كۇنىيەت بىلەن: «يا أبا عمير ما فعل النغير؟» «ئى ئەبۇ ئۇمەير! تومۇچۇقنىڭ بالىسى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟»[3] دەپ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۇنىيىتى بىلەن كۇنىيەتلىنىشكە كەلسەك، كۈچلۈك قاراش دۇرۇس بولىدۇ. بۇنى چەكلەش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھايات ۋاقتىغىلا خاستۇر، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ نى كۇنىيىتى بىلەن چاقىرغاندا باشقىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ ئېھتىماللىق تۈگىگەن.

ئىلگىرىكى سۆزىمىزدە، ھەرگىزمۇ «ئانىنىڭ بوۋاقىا ئىسىم قويۇشى بالىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنلىك ياكى ئوبرازىغا ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ» دېمەكچى ئەمەسمىز. ئانا قويغان ئىسىم چىرايلىق ۋە ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدىغان ئىسىم بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. ئانىنىڭ بالىسىغا ئىسىم قويۇشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ئەسەردە نەقىل قىلىنغان، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قويغان ئىسمى بىلەن پەخىرلىنىپ مۇنداق دېگەن:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «تحفة المودود بأحكام المولود» 120 ـ بەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ئانام مېنىڭ نامىمنى ئاتاپتۇ ھەيدەر،
ياۋ مەن بىلەن ئېلىشسا يولۋاس ئىكەن دەر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا ئانىسى ئۇنىڭغا، ئانا تەرەپ بوۋىسى ئەسەد ئىبنى ھىشام ئىبنى ئابدۇماناپنىڭ ئىسمى بىلەن «أسد» «يولۋاس» دەپ ئىسىم قويغان. ئۇ ۋاقىتتا ئەبۇ تالىب يوق بولۇپ، ئۇ كەلگەندىن كېيىن «أسد» نى «ئەلى» گە ئۆزگەرتىۋەتكەن. يولۋاس كۈچلۈك دەرىجىدە يىرتقۇچ ھايۋان بولغانلىقى ئۈچۈن «حيدر» دەپ ئاتالغان.

**❖ ئىسمىنىڭ بالىغا ئېلىپ كېلىدىغان روھىي ۋە ئىجتىمائىي پايدىلىرى**

دادا بولغۇچى بوۋاققا ئىسىم قويۇش ئىشىدا سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن يوليورۇقلارغا بويسۇنسا، بالىسى روھىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆزىمۇ ئۇنتۇلغان ۋە سەل قارىلىۋاتقان بۇ سۈننەتنى تىرىلدۈرۈپ، پاك سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىشتا بوۋاقنىڭ ئانىسى ياكى ئائىلىسىدىكىلەر قارشى چىقىپ قالسا، ئۇلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، شەرىئەتتە بوۋاققا ئىسىم تاللاش ۋە ئىسىم قويۇش دادىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر، شۇڭلاشقا دادا بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆزى تاللايدۇ.

ئىسمىنىڭ بالىغا ئېلىپ كېلىدىغان روھىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرىدىن يەنە، ناچار ئىسىم ئۆز ئىگىسىگە قەلب قايغۇسى، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، قەلب راھەتسىزلىكى ۋە دائىملىق روھىي ئازاب قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ، باشقىلار ئۇنى شۇ ئىسىم سەۋەبلىك مەسخىرە قىلىدىغان ۋە كەمسىتىدىغان بولۇپ قالسا، ئىش

تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

پاك ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ جەمئىيەتتە يېقىن دوستلىرى بىلەن تىنچ ۋە بەختلىك ياشىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، بالىنىڭ چىرايلىق ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنى ئىسلام شەرىئىتى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان پرىنسىپ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

# يەتتىنچى، بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىشتىكى ھەققى

بالا مېھرىبان ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىللىق دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان دەسلەپكى كۈنلەردە، ئانىنىڭ قورسىقىدا ئادەتلەنگەن ئوزۇقلۇقنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان غىزاغا موھتاج بولىدۇ. ئانا بالىسىنى ئۆزىنىڭ سۈتىنى ئېمىتىش بىلەن تەبىئىي غىزالاندۇرىدۇ، چۈنكى ئانا سۈتى بالىغا كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. ئانا سۈتى ھەرقانداق مىكروبلاردىن خالىي بولغاچقا، بالىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە باشقا ھەرقانداق ئوزۇقلۇقتىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ھەرقانداق ئانا بالىسىنى ئېمىتىشنىڭ پەقەتلا بالىسىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئارقىلىق بالىسىغا مېھىر-مۇھەببەت سىڭدۈرۈش، كۆيۈنۈش ۋە ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق روھىي ئوزۇقلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

دېمەك، بالىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ئانا باغرىدا يېتىلىدۇ، چۈنكى بالا بۇ ۋاقىتتا مېھىر-مۇھەببەت، خاتىرجەملىك ۋە تىنچ-ئامانلىقنى ھېس قىلالايدۇ. ئانا ئۆزىنىڭ ئىللىق مېھرى-مۇھەببىتى ئارقىلىق بالىسىغا كۆيۈنۈش ۋە ئانىلىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىشى بالىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇنى ئوچۇق ئايەت ئارقىلىق كەلتۈرگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾** «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا،

تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم»[1]. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئانىلارغا بالىنى تولۇق ئېمىتىشنىڭ قانچە يىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئېمىتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ﴾ «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم»[2].

ئەگەر بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئانىسىدىن سۈت چىقمىسا، دادا بولغۇچى بالىسىغا بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان سۈت پاراشوكلىرىنى ئەكېلىپ بېرىشى ياكى ئىنىكئانا تېپىپ بېرىشى كېرەك. ئىنىكئانا تاللىغاندا بالىنى بېقىش ۋە ئېمىتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھالاللىقىغا دىققەت قىلىدىغان ديانەتلىك ۋە سالىھ ئىنىكئانىنى تاللىشى كېرەك. چۈنكى، ديانەتسىز ۋە ناچار ئايالنىڭ سۈتى بەرىكەتسىز بولىدۇ. ئەگەر بالا ئۇنداق ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلسە، ئۇنىڭ جىسمى ھارام يېمەكلىكلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، مىجەز-خاراكتېرى ھارام نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، دادا بولغۇچى بالىسىغا مۇشرىك، پاھىشە، ساراڭ ۋە ئەخمەق ئاياللارنىڭ سۈتىنى يېقىنلاشتۇرماسلىقى لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندا بالا بەزىدە ئەخلاقىي تەرەپلەردە ئۇ ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ ئابدۇللاھ[3]

---

[1] سۈرە بەقەرە 233- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 233- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام بۇخارىنىڭ كۇنيىتى.

<بالىغا پاسىق ۋە مۇشرىك ئاياللارنىڭ سۈتىنى ئېمىتىش مەكرۇھ> دەپ قارىغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن: <سۈت قانغا ئارىلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىغا يەھۇدىي، ناسارا ۋە زىناخور ئايالنىڭ سۈتىنى بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بالا ناپاك ئايالنىڭ سۈتىنى ئەمگەندە شۇ ئايالغا ئوخشاپ قالىدۇ. باشقىلار ئۇ ئايالنى <ئۇ بالىنىڭ ئانىسى> دەپ ئويلاپ قېلىپ، بۇ بالا شۇ ئايال سەۋەبلىك ئەيىبلىنىدۇ ھەمدە بالىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىززەت-ئابرۇيى زىيانغا ئۇچرايدۇ». [1]

بالىغا مۇشرىك ئايالنىڭ سۈتىنى ئېمىتكەندە، بالا شۇ ئايالغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئەقلى كەمتۇك ئايالنىڭ سۈتىگە كەلسەك، بالىنىڭمۇ شۇ ئايالغا ئوخشاش ئەقلى كەمتۇك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بالىنى ئۇنداق ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئېمىتىش يامان كۆرۈلىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا «سۈت مىجەز-خاراكتېرنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دېگەن سۆز بار (اللہ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنىكئانا ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ھالال ۋە پاك بولۇشى لازىم، چۈنكى ھارام سۈت بەرىكەتسىز بولىدۇ، ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆش دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر.

مانا بۇلاردىن ــ ئانىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشتىكى رولى ۋە پەزىلىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئانا بولمىغاندا، بالا مۇشرىك، بۇزۇق، زىناخور ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارنى

[1] «المغني» 7- توم 563- بەت.

ئىمىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئانىسى بولسا بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئىمىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەگەركى ئەمسە پەرزەنتلەر بەدخۇي ئاياللار كۆكسىنى،
نىتەي بولغاي مۇكەممەللىك، گۈزەل ئەخلاق ۋۇجۇدىدا.

❖ **تىببىي ساھەدىكىلەرنىڭ قارىشى**

تىببىي ساھەدىكىلەر بالىنى تەبىئىي ئىمىتىشنىڭ (بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئىمىشى ياكى ئىنىكئانىنى ئىمىشى) بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بالىلارنى تەبىئىي ئىمىتىش ۋە ئۇنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەھمىيىتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن «قصر العيني» تىببىي فاكۇلتېتىدىكى بالىلار دوختۇرى ئۇستاز دوكتور ھۈسەيىن كامىل بەھائۇددىن بالىلار مېدىتسىناسى ساھەسىدىكى بەش نەپەر دوختۇردىن تەشكىللەنگەن تىببىي ۋە خىمىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر دوختۇرلارنىڭ «بالىلارنى تەبىئىي ئىمىتىش كېرەك» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ تەتقىقاتلاردا ئانا سۈتى تەركىبىدە بالىنىڭ ھاياتىغا كېرەكلىك بولغان ئاساسلىق ماددىلارنىڭ بارلىقى ھەمدە ئانا سۈتىنىڭ بالىنىڭ ئۇزۇقلىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كېرەكلىك بولغان ئاقسىل، كراخمال، ماي، ۋىتامىن، تۇز ۋە مەدەن قاتارلىق ھەرخىل ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش جەھەتلەردە باشقا ھەرقانداق يېمەكلىكلەردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. دېمەك، ئانا سۈتى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بالىغا كېرەكلىك

بولغان ھەرخىل نىسبەت ۋە تەركىبتىكى تۈرلۈك ماددىلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئانا سۈتىدە ھەرخىل مىكروب، ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەرگە قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنى شەكىللەندۈرىدىغان ھۈجەيرىلەر بار. مەلۇم بىر نەپەر مىسىرلىق تەتقىقاتچى ئالىم ئۈچ ئايلىقتىن 11 ئايلىققىچە بولغان 60 نەپەر مىسىرلىق بوۋاقلارنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئانا سۈتىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئاساسلىق تۆت تۈرلۈك ماددىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. بۇ تەتقىقاتلاردا يەنە ئانا سۈتىدىكى مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرگە قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مىقدارىنىڭ، بالىلار ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىلغان تەييار سۈتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىر قىسىم ئانىلار ئۆزىنىڭ بەدەن گۈزەللىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ياكى «سۈتۈمنىڭ ئورنىغا سۈت پاراشوكى بەرسەم ساغلاملىقىمنى ئاسراپ قالالايمەن» دەپ ئويلاپ، بالىلىرىنى تەبىئىي ئېمىتىشكە سەل قارايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھەر ئىككى خىل ھالەتتە زىيان تارتىدۇ.

بالىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلىغا كەلسەك، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بالىنى ئەڭ ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشتا بالىنىڭ ئېمىش ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ قىسقا بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى، ۋاقىت پەرقى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنسېرى، بالىنىڭ قورسىقىنىڭ ئېچىش ۋاقتى شۇنچە تۇراقسىز بولىدۇ. بالىنىڭ ھەر كۈنلۈك تامىقىنى تۆت قېتىمغا بۆلۈپ بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر. بەزى ئانىلار بالىنى بىر قېتىملىق ئېمىتىش ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ھەققىدە سوئال سورىشىدۇ. بۇ سوئالنىڭ

ئېنىق جاۋابى يوق، چۈنكى بۇ ۋاقىتنى بالا ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولۇپ، ئانا بالىسىنىڭ ئېمىشكە سەۋر قىلىشى كېرەك. بەزىدە بالا ئانىسىنى ئېمىۋاتقاندا ئېمىشتىن توختاپ ئەتراپقا قايرىلىپ قارايدۇ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئېمىدۇ، بالا بۇ ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىدۇ. گەرچە ئانا بالىنىڭ ئېمىشتىن توختاپ، ئاندىن يەنە قايتا ئېمىشىنى ياقتۇرمىسىمۇ، بالا شۇنىڭغا قىزىقىدۇ.

«جىما قىلىش بالا ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ سۈتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دېگەن قاراش توغرا ئەمەس. بۇ «غيلة» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چەكلىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا پارس ۋە رۇملۇقلارنىڭ ئۇ ئىشنى قىلسىمۇ بالىلىرىغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى چەكلىمىگەن ئىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لقد هممت أن أنهى عن الغيلة، حتى ذكرت أن الروم وفارس يصنعون ذلك، فلا يضر أولادهم» «مەن ‹غيلة› نى چەكلىمەكچى ئىدىم، ماڭا رۇم ۋە پارىسلار ‹غيلة› قىلسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ (ئۇلارنىڭ) بالىلىرىغا ھېچبىر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى يەتكۈزۈلدى (شۇنىڭ بىلەن چەكلىمىدىم)».[1]

مانا بۇ ھەدىس ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىل بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ئەسەر بالىنىڭ تەبىئىي ئېمىشتىن ئىبارەت ھەققىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا شەرىئەتنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ دەلىلى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەرقانداق بالىغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياردەم ئاجرىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ياردەم بالا سۈتتىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئېمىشتىن ئىبارەت شەرىئەتتە بەلگىلەپ بەرگەن ھەقلىرىنى بەرمەستىنلا بالىلىرىنى سۈتتىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشتى. ئانىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى بالىلارغا كېلىدىغان ياردەمنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىلارنىڭ تولۇق ئېمىشتىكى ھەقلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن، بالىلارغا بېرىلىدىغان ياردەمنى بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا بېرىشكە ئۆزگەرتتى.[1]

---

[1] «مناقب عمر بن الخطاب» 64 ـ بەت.

# سەككىزىنچى، بالىنىڭ تەدرىجىي سۈتتىن ئايرىلىشتىكى ھەققى

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ﷲ بالىنىڭ تولۇق ئىككى يىل ئانىسىنى ئېمىشىنى خالىدى. بۇ جەرياندا ئانا-بالىلىق رىشتىسى ئىنتايىن چوڭقۇر باغلىنىدىغان بولۇپ، ئانا بالىغا نىسبەتەن ئوزۇقلىنىدىغان ۋە مەنپەئەتلىنىدىغان ھاياتلىق مەنبەسىدۇر.

سۈتتىن ئايرىلغان بالا خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولغاچقا، بالىنى سۈتتىن ئايرىشتا قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىش كۆرمەسلىك كېرەك. ئۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق سۈتتىن ئايرىغاندا، بالىنىڭ روھىيىتى زەربىگە ئۇچراپ، كەلگۈسى ھاياتىغا ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بارماقلىرىنى شوراپ، تىرناقلىرىنى چىشلەۋاتقان بالىلارنى كۆرۈشىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بوۋاقنى سۈتتىن ئايرىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاندا سۈتتىن ئايرىشقا ئالدىراپ كەتمەستىن ئەھۋالغا قاراش لازىم. چۈنكى، بالا كۆنۈپ قالغان ئادەتلىرىدىن بىر قېتىمدىلا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىراقسانلىق ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدۇ. سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس نورمال ھاۋارايى شارائىتىدا بالىنى سۈتتىن ئايرىسا بولىدۇ. بالىنىڭ ئۇدۇل ۋە ئېزىق چىشلىرى تولۇق چىقىپ، يېمەكلىكنى ئۆزى مۇستەقىل چاينىيالايدىغان بولغاندا سۈتتىن ئايرىش بالىغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ۋاقىتتۇر».[①]

① «تحفة المودود بأحكام المولود» 205 ـ ۋە 206 ـ بەت.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالىنى سۈتتىن ئايرىشتا كۆز پەسلى ئەتىياز پەسلىگە قارىغاندا ياخشىدۇر. چۈنكى، كۆز كىرىشى بىلەن قىش ۋاقتى يېقىنلاپ ھاۋا سوۋۇشقا باشلايدۇ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئاشىدىغان بولغاچقا، بالىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىشتىھاسى ياخشىلىنىدۇ».①

«ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى سۈتتىن ئايرىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، بالىسىنىڭ كۆپ يىغلاشلىرىدىن ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى يىغا بالىلارغا پايدىلىق بولۇپ، بالىنىڭ ئىرۋىلىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە نەپەس يوللىرىنى كېڭەيتىپ مېڭىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن پايدىلىرى بولۇپ، بالىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ قىزىقىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بېرىدۇ».②

ئانىلار بالىلىرىنى سۈتتىن ئايرىش ئۈچۈن، كاكتۇس (ئۆسۈملۈك) ياكى لازىغا ئوخشاش تەمى ئاچچىق، ئەمما زىيان قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئەمچىكىگە سۈركەشكە ئوخشاش ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ. بالىنى سۈتتىن ئايرىغاندا ئانا بالىسىدىن بىرقانچە كۈن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بالىنى بىر يېرىم ياشتىن تولۇق ئىككى ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا سۈتتىن ئايرىشقا تەشەببۇس قىلغان، چۈنكى بالىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كۆپ ئېمىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك، بالدۇر سۈتتىن ئايرىۋېتىشمۇ ئوخشاشلا زىيانلىقتۇر.

---

① «تحفة المودود بأحكام المولود» 207- بەت.

② «الجانب التطبيقي في التربية الإسلامية» 165- بەتتىن 168- بەتكىچە قارالسۇن.

## توققۇزىنچى، بالىنىڭ نەپىقىدىكى ھەققى

بالىغا نەپىقە بېرىش، كىيىم-كېچەك بولغان يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۇرلۇك ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرىش بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بالىغا نەپىقە بېرىش دادىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾ «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر)» ①.

دېمەك، دادا بولغۇچى الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا بالىسىنىڭ نەپىقىسى ھەققىدە سورىلىدۇ. دادا ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، بالىنىڭ نەپىقىسىنى بالىنىڭ بوۋىسى ياكى باشقا ۋەلىيلىرى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، دادا يوق ياكى دادا بولغان تەقدىردىمۇ بالىسىغا نەپىقە بېرىشتىن ئاجىز كەلگەندە، بالىنىڭ نەپىقىسىنى يەنىلا بالىنىڭ بوۋىسى ياكى بالىنىڭ باشقا ۋەلىيلىرى بېرىدۇ. بالىغا نەپىقە بەرگۈچى بالىنىڭ جىسمىنىڭ ھارامدىن ئۆسۈپ يېتىلمەسلىكى ئۈچۈن ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك، ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆش دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر. ھالال كەسىپ بالىغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

① سۈرە نىسا 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز تۆۋەندە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا نەپىقە بېرىش ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز. ئىسلام شەرىئىتى بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ساھەلەردىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاك شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن ئۇلارغا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا خەلىپەت خەزىنىسىدىن ئىقتىسادىي ياردەملەرنى ئاجرىتىپ بېرەتتى.

بالىنىڭ ھالالدىن ياكى ھارامدىن تۇغۇلغان بولۇشى ۋە ياكى تېپىۋېلىنغان بالا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ قىممىتىمۇ ئېشىپ باراتتى. ئەگەر ھەربىر يېڭى تۇغۇلغان بالىغا بېرىلىدىغان يىللىق ئىقتىسادىي ياردەم 100 دىنار بولسا، بۇ پۇل بالىنىڭ بالىلىق دەۋرى ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىن باشلاپ ئەقىل يېشىغا يەتكۈچە 200 دىنارغا كۆپەيتىلەتتى. ئاندىن بۇ پۇل بالاغەتكە يەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ياردەم قىممىتىگە يەتكەنگە قەدەر كۆپىيىپ باراتتى. بالىلار بۇ نەق پۇل ياردىمىگە ئېرىشكەندىن سىرت، بەزىدە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەككە ئوخشاش ماددىي تەمىناتلاردىن ھەم بەھرىمەن بولاتتى. تاشلىۋېتىلگەن بالىلارمۇ يىللىق ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئىقتىسادىي ياردەملەردىن سىرت، ئايلىق خىراجەتلەرگىمۇ ئېرىشەلەيتتى.①

دادىنىڭ ئوغۇل بالىسىغا نەپىقە بېرىشى بالىسى بالاغەتكە يەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭدەك، قىزىغا بېرىدىغان نەپىقىسىمۇ قىزىنى ياتلىق

① «حقوق الإنسان في الإسلامية» 255- ۋە 256- بەت.

قىلىپ بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر دادا بۇ مەسئۇلىيەتكە سەل قارىسا گۇناھكار بولىدۇ ۋە جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كفى بالمرء إثما أن يضيع من يقوت» «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر».①

دادىلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمىزكى، ئۇلار قىزلىرىنىڭ نەپىقىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئوغۇللارغا كۆڭۈل بۆلۈپ قىزلارغا سەل قاراش كۆپلىگەن ئەرلەرنىڭ تەبىئىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ قىزلارغا نەپىقە بېرىش ھەققىدە بىزلەرگە ۋەسىيەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ: «من عال جاريتين دخلت أنا وهو الجنة كهاتين، وأشار بإصبعيه السبابة والتي تليها» «<مەن ئىككى قىزنى بېقىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن كىشى بىلەن خۇددى مۇشۇ ئىككى بارماققا ئوخشاش (يېقىن ھالەتتە) جەننەتكە بىللە كىرىمەن> دېدى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىغا ئىشارەت قىلدى».②

بالىنىڭ نەپىقىسى تولۇق ئادا قىلىنغاندا، ئۇ بالىنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى ئارىسىدا بەختلىك ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

---

① مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## ئۈنىنچى، بالىنىڭ ۋاكالىتەن پىتىر زاكىتى ئادا قىلىنىشتىكى ھەققى

مانا بۇ ــ ئىسلام شەرىئىتى بالا ئۈچۈن قوغداپ كەلگەن ئىقتىسادىي تەرەپتىكى ھەقلەر قاتارىدىن بولۇپ، بالىنىڭ مۇشۇ باسقۇچىدا دادىنىڭ بالىسى نامىدا پىتىر زاكىتى بېرىشى بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «فرض زكاة الفطر صاعا من تمر أو صاعا من شعير على كل عبد أو حر صغيرا وكبيرا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەرقانداق قۇل ياكى ھۆرنىڭ پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى».[1]

ئىمام بەغەۋى مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن پىتىر زاكىتىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئەتا، ئىبنى سىيرىن ۋە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. بۇ ھەدىستىن يەنە كىچىك بالا ئۈچۈن پىتىر زاكىتى ئادا قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ».[2]

ھەرقانداق دادا بۇ ئىبادەتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىشى ھەمدە بالا ئۈچۈن پىتىر زاكىتى ئادا قىلىشنىڭ بالىنىڭ نەپسىنى پاكلايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن شەيتاننىڭ يامانلىقىنى چېكىندۈرىدىغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

دېمەك، پىتىر زاكىتى ــ الله تائالانى رازى قىلىش ۋە پېقىر-مىسكىنلەرگە تائام بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر تەرەپتىن (نەپسىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «شرح السنة» 6- توم 71- بەت.

بېخىللىق ۋە تەمە قىلىشتىن، قەلبنى ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاكلىغۇچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن».[1]

[1] سۈرە تەۋبە 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

## ئون بىرىنچى، بالىنىڭ نەسەبى ئىسپاتلىنىشتىكى ھەققى

بالا مەنىيلىك ھالەتتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن نەسەبلىك ۋە ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئانىنى تاللاش بالىنىڭ ھەققى بولغىنىدەك، بالىنىڭ دادىسى تەرەپتىن نەسەبىنى ئىسپاتلاش ھەم بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرىدىندۇر.

بالىنىڭ نەسەبىنى ئىسپاتلاش ــ بالا باشقىلار ئۇنى شۇ ئارقىلىق تونۇيالايدىغان مەشھۇر، ئېنىق ۋە دۇرۇس بولغان نەسەبتىن بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ھەرقانداق بىر بالىنىڭ دادىسى تەرەپتىكى نەسەبىنى ئىسپاتلاش ــ نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، ئەۋلادلارنىڭ ھىمايىچىسىز ۋە تەربىيىچىسىز قېلىشى، زىنا سەۋەبلىك تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئاپەتلەردىن جەمئىيەتنى پاكلاشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ مۇھىم ھەقكە سەل قارىغاندا بالىلارغا غەمخورلۇق قىلماسلىق، كۆڭۈل بۆلمەسلىك، نەپىقىسىنى بەرمەسلىك، ئۇلارنى تەربىيىلىمەسلىك ۋە ئىلىم ئۆگەتمەسلىك قاتارلىق ئىشلار كېلىپ چىقىش بىلەن بىرگە يەنە بالىنىڭ مىراس ئېلىشتىن ئىبارەت ھەققى زىيانغا ئۇچراشتەك خەتەرلىك ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

ياۋروپا جەمئىيىتىدە پاھىشىنىڭ يامراپ كېتىشى سەۋەبلىك دادىلىرى ۋە نەسەبلىرى ئېنىق بولمىغان بالىلارنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتىدىغان سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى دادىلار بالىلىرىغا ئىگە بولماستىن ئانىلىرىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆز بالىلىرىنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىۋاتقان بىر

ۋاقىتتا، ئىسلامنىڭ 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا زىنانى ھارام قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئىسلام بالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ نەسەبىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بالىسىنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭ نەسەبىگە ئىگە بولمىغان كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «أيما رجل جحد ولده وهو ينظر إليه احتجب اللّٰه منه وفضحه على رؤوس الأولين والآخرين» «قانداقلا بىر كىشى قاراپ تۇرۇپ ئۆز بالىسىدىن <بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس> دەپ تېنىۋالسا، ئۇنداق كىشى قىيامەت كۈنى اللّٰه نىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى، اللّٰه ئۇ ئادەمنى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ». [1]

ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يات بىر كىشىنى «دادام» دەپ دەۋا قىلغان كىشى ھەققىدە ھەم ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش كەلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من ادعى أبا في الإسلام غير أبيه يعلم أنه غير أبيه فالجنة عليه حرام» «ئىسلامدا قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ دادىسى قىلىۋالسا، ئۇ جەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ». [2] چۈنكى، بۇ ــ ھەقنى يوشۇرۇپ ياخشىلىقنى ئىنكار قىلغانلىق، ھەق ۋە ياخشىلىقىقا تەۋسىيە قىلىش ھەمدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى مۇئمىنلەر جامائىتىنىڭ كۈچلۈك ئاساسى بولغان ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ بەلگىلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ نەسەبتىكى ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن،

---

[1] دارىمى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نەسەبى ئۆز پۇشتىدىن بولمىغان بالىلارنى ئۆزىنىڭ بالىسى قىلىۋېلىشنى ھارام قىلغان.

«التبني» ــ باشقىلارنىڭ بالىسىنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بۇنى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ھېسابلىغان.[1] بېقىۋېلىنغان بالا بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭغا مەھرەم ھېسابلانمايدىغان باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ياشايدۇ ۋە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇ يات كىشى تۇرۇپ ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزئارا مىراسخور بولىدىغان ھېچقانداق بىر مۇناسىۋەت بولماي تۇرۇپ، بالا قىلىۋالغۇچىلاردىن مىراس ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارمۇ بۇ بالىدىن مىراس ئالىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەقنى بۇرمىلىغانلىق ۋە قەدىر-قىممەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. الله تائالانىڭ ﴿**ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ فَإِنْ لَمْ تَعْلَمُوا آبَاءَهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَمَوَالِيكُمْ**﴾ «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر»[2] دېگەن ئايىتى نازىل بولغانغا قەدەر، جاھىلىيەت ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشقىلارنىڭ بالىسىنى بالا قىلىۋېلىش داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى.

نەسەبلەرگە تىل تەگكۈزۈشتىن توسۇش ھەققىدە كەلگەن

---

[1] بۇ يەردىكى چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بالا بېقىۋېلىش بولسا بالىغا ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى ئۇقتۇرماي، ئۆزىنى شۇ بالىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، بالىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن تاندۇرۇپ تۇرۇپ بېقىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بالا ئەقىل يېشىغا توشقاندا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇپ، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش مەقسىتىدە بېقىپ چوڭ قىلسا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ــ تەرجىماندىن.

[2] سۈرە ئەھزاب 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەدىسلەردىن نەسەبلەرنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان دادىلارغا نىسبەت بېرىشنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ بىر ئىنسانىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلەردىكى ئوبرازىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اثنتان في الناس هما بهم كفر: الطعن في الأنساب، والنياحة على الميت» «كىشىلەر ئارىسىدا ئىككى تۈرلۈك ئىش بولۇپ، بۇ ئىككى ئىش كىمدە تېپىلسا شۇ كىشىدە كۇپۇرلۇق بولغان بولىدۇ. بىرى، كىشىلەرنىڭ نەسەبلىرىگە تىل تەگكۈزۈش؛ يەنە بىرى، مېيىت ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاش».[1]

ئەرەبلەرنىڭ ئۆز نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىدىن، بالىغا نىسبەتەن بۇ ھەقنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئوچۇقلىشىدۇ.

ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇغان:

ئى فىراس جەمەتىنىڭ قىز بىر تۇغقىنى،
سورىساڭ مەندىن گەر جەمەتىمنى.
پەزىلەتلىك ئەزدى جەمەتىدىنمەن،
ئىچىپ چوڭ بولغان غەسسان سۈيىنى.

ئىسلامدا نەسەب بىرقانچە يول بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، ئۇلار:

1. فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن، شەرتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولغان شەرئىي يوللۇق نىكاھ.

2. ئىقرار قىلىش. ئىسلامدا ئەر كىشى، مەجبۇرلانغان شارائىتتا

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، نورمال ھالەتتە ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىقرار قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

3. پاكىت ۋە ئالامەتلەر. ئەگەر نەسەبنى نىكاھ ياكى ئىقرار قىلىش بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىغاندا، يەنى ئانا بالىسىنى ئېرىنىڭ بالىسى دەپ چىڭ تۇرىدۇ، ئەمما ئېرى ئايالىنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ۋاقىتتا پاكىت ۋە ئالامەتلەر ئايالىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان بولسا، بالىنىڭ نەسەبىنى پاكىت ۋە ئالامەتلەر بىلەن ئىسپاتلاش دۇرۇس بولىدۇ. مانا بۇ — نەسەبنى ئىسپاتلاش يوللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

4. ئەگەر پاكىت ۋە ئالامەتلەر تېپىلمىغاندا، نەسەب ئانىغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الولد للفراش وللعاهر الحجر» «(زىنا شەكىللەنگەن چاغدا) بالا ئانىغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ، زىنا قىلغۇچىلارنىڭ بالا دەۋا قىلىش ھەققى يوق».①

ئىلگىرىكى بايانلاردىن شۇ ئېنىق بولىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ھەقنىڭ بالىنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ دادىسىغا مەنسۇپ قىلىنىشىدىكى ھەققى قوغداپ قېلىنىدۇ ھەمدە دادىنى ئۆزىنىڭ بالىسىنى باشقىلارغا مەنسۇپ قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ھەق ئارقىلىق ئانىنى شۈبھەدىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئار-نومۇسىنى قوغدايدۇ.

بالىنىڭ نەسەبتىكى ھەققىگە ئەھمىيەت بېرىش — بالىنىڭ ھەقىقي

① بۇخارى توپلىغان.

گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، بالىغا خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ ھەمدە خەلقكە توغرا قاراش ۋە كەسكىن ئىرادە ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جامائەتچىلىكنىڭ تارىخىنى قوغداپ جەمئىيەتنى تەرتىپكە سالىدۇ. جەمئىيەتتە مۇشۇ ھەقلەر قوغدالغانلىقى تۈپەيلى كۆپلىگەن ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ئوچۇقلىنىدۇ.

## ئون ئىككىنچى، بالىنىڭ خەتنە قىلىنىشتىكى ھەققى

خەتنە قىلىنىشتىكى ھەققى ــ بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ئىگە بولغان ھەقلىرى جۈملىسىدىندۇر.

«الختان» «خەتنە قىلىش» ــ ئوغۇللارنىڭ زەكىرىنىڭ ئۇچىنى يۆگەپ تۇرغان تېرىنى ۋە قىزنىڭ پەرجىسىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى تېرىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىشتۇر.

ئوغۇل-قىزلارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ھەق بولۇپ، ئۇ قەدىمىي سۈننەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلامنىڭ شوئارىدۇر. ئوغۇللارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ۋاجىب، ئەمما قىزلارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا مۇستەھەبتۇر.

ئوغۇل-قىزلارنى خەتنە قىلىشنىڭ شەرىئەتتە يوللۇق ئىكەنلىكىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «الفطرة خمس: الختان والإستحداد وقص الشارب وتقليم الأظفار ونتف الإبط» «خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇشتىن ئىبارەت بەش ئىش قەدىمىي سۈننەتتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى دەلىلدۇر.

بەغەۋى «شرح السنة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ خىسلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى خەتنە قىلىشتىن باشقا ھەممىسى سۈننەتتۇر. ئالىملار خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار خەتنە قىلىشنى ۋاجىب دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەتنە قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى

[1] بۇخارى توپلىغان.

كۆچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: <خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بوغۇزلىغان مېلى يېيىلمەيدۇ ۋە نامىزى قوبۇل بولمايدۇ>. ئەبۇ ئابباس ئىبنى سۇرەيج مۇنداق دېگەن: <ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق، ئەگەر خەتنە قىلىش پەرز بولمىغان بولسا ئىدى، خەتنە قىلىش ئۈچۈن خەتنە قىلىنغۇچىنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىش دۇرۇس بولمىغان بولاتتى. خەتنە قىلىش ئۈچۈن خەتنە قىلىنغۇچىنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىش دۇرۇس بولغانىكەن، ئۇنداقتا بۇ خەتنە قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) خەتنە قىلىش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: <خەتنە قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن پاكلىنىشتۇر>. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا التقى الختان فقد وجب الغسل» «ئىككى خەتنىگاھ[1] ئۇچراشسا غۇسۇل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ».[2]

پەيغەمبەر ﷺ خەتنە قىلىشنى قەدىمىي سۈننەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تىلغا ئالغان. قەدىمىي سۈننەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، قەلبىي سۈننەت. قەلبى سۈننەت ــ اللە نى تونۇش، اللە نى ياخشى كۆرۈش ۋە اللە نىڭ مۇھەببىتىنى باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن بىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، ئەمەلىي سۈننەتتۇر. ئەمەلىي سۈننەت بولسا يۇقىرىقى ھەدىستە سۆزلەنگەن خىسلەتتۇر. بىرىنچى سۈننەت روھنى پاكلايدۇ ۋە قەلبنى تازىلايدۇ. ئىككىنچى سۈننەت بولسا بەدەننى پاكىزلايدۇ. مانا بۇ ــ ئىككى خىل تۈردىكى سۈننەتلەر ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇلار بىر-

[1] خەتنىگاھ ــ ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىكى خەتنە قىلىنىدىغان يېرى. ئەينى چاغدا ئەرەبلەردە قىزلارنىمۇ خەتنە قىلىش ئادىتى بولغاچقا، ئوغۇل ۋە قىز ئىككىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئىككى خەتنىگاھ» دېيىلگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىرىنى كۆچلەندۈردۇ. شۇڭلاشقا، خەتنە قىلىش بەدەنگە دائىر سۈننەتلەرنىڭ ئاۋۋالقىسىدۇر.

خەتنە قىلىش الله نىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى بولۇپ، الله تائالا ئىنسانلارنى بۇ قانۇنىيەت ئۈستىدە ياراتقان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ صِبْغَةً وَنَحْنُ لَهُ عَابِدُونَ**﴾ «الله نىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز الله قا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز»[1]. ئىبنى قۇتەيبە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بۇ ئايەتتە خەتنە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. الله تائالا خەتنە قىلىشنى «صبغة» (يەنى بوياش) دەپ ئاتىدى چۈنكى ناسارالار بالىلىرىنى سۇدا بويايتتى[2]. ئۇلار بۇنداق قىلىشنى <مۇسۇلمانلار بالىلىرىنى خەتنە قىلغىنىغا ئوخشاش بالىلارنى پاكلىغانلىق> دېيىشەتتى. الله تائالا: ﴿**صِبْغَةَ اللَّهِ**﴾ <الله نىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار>[3] دېگەن. يەنى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى <بالىلىرىڭلارنى ناسارالار بالىلىرىنى بويىغاندەك بويىماي، الله نىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىڭلار (يەنى ئۇلارنىڭ خەتنىسىنى قىلىڭلار)> دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالا بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشنى تەشەببۇس قىلغان».[4]

شەرىئەتنىڭ پايدا-مەنپەئەت ۋە ياخشىلىققا قىزىقتۇرىدىغانلىقى ھەمدە ئىنساننى زىيانلىق ئىشلاردىن ۋە يامانلىقلاردىن توسىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. خەتنە قىلىش بالا ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھەق

---

[1] سۈرە بەقەرە 138- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ ناسارالارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇلار مەئمۇدىيە دېيىلىدىغان سۇدا بالىلىرىنى يۇياتتى، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن بالىلىرىنى ھەقىقىي ناسارا بولدى دەپ قارايتتى.

[3] سۈرە بەقەرە 138- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] «تأويل مشكل القرآن» 149- بەت.

بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. ئۇنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى پايدىلىرىدىن: خەتنە قىلىش ــ بالىلاردا كۆپ يۈز بېرىدىغان كېچىسى سىيىپ قويۇشنى ئازايتىدۇ ۋە ئىنساننى مايلىق ئاجراتمىلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۆڭۈلنى يىرگەندۈرىدىغان مايلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېقىشىنى توسىتىدۇ ھەمدە راك كېسەللى بىلەن يۇقۇملىنىشنى ئازايتىدۇ.

بۇ مەزگىلدە بالىلاردا ئۆزىنىڭ جىنسى ئەزاسىنى ئويناش كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۇ تېرە كېسىلمىگەندە جىنسي ئەزا نېرۋىلىرىنى قوزغاپ شۇ ئەزانىڭ قىچىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ ــ بالىغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۇنى قىينايدىغان ئامىللارنىڭ قاتارىدىندۇر.

خەتتابى رەھىمەھۇللاھ ئوتتۇرىغا قويغان خەتنە قىلىشتىكى قاراش بولسا فىقھىدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «خەتنە قىلىش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ۋاجىبتۇر، چۈنكى ئۇ دىنىنىڭ شوئارى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان كاپىردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر خەتنە قىلىنمىغان ئۆلۈكلەر ئارىسىدا خەتنە قىلىنغان بىر كىشى تېپىلسا، ئۇنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ». [1]

ساغلاملىق جەھەتتىكى پايدىلىرىدىن يەنە، خەتنە قىلىش بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەردىكى يامان ئادەتلەر[2] بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئازايتىدۇ. يامان ئادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھۆكمىنىڭ ھاراملىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئىسلام شەرىئىتى نېمىدېگەن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ ـ ھە!

خەتنە قىلىش ۋاقتى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ،

---

[1] «تحفة المودود» 49 ـ بەت.

[2] قول بىلەن لەززەتلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

خەتنە قىلىشنىڭ ۋاقتى ھەققىدە ھۆكۈم كەڭرىدۇر. خەتنىنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ياكى ئۈنىڭدىن كېيىن ۋە ياكى بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. مۇھىمى، بالا بالاغەتكە يەتكەندە چوقۇم خەتنە قىلىنىپ بولغان بولۇشى كېرەك.

بالىنىڭ خەتنىسىنى بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش دەسلەپكى كۈنلىرى قىلىش كېچىكتۈرۈپ كېيىن قىلىشتىن ياخشىدۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا بالىنى خەتنە قىلىش ئاسان بولىدۇ ۋە يارىسى تېز ياخشىلىنىدۇ. خەتنە قىلىش پاكلىق ۋە ساغلاملىق قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ يولغا قويۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن خەتنە قىلىشقا ئالدىراش بۇ مەقسەتلەرنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا روياپقا چىقىرىدۇ.

بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ۋەلىيلىرىگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ خەتنە قىلىشنى بىلگەن بولۇش شەرتى بىلەن مۇباھ قىلىنغان. ئەمما ئۇلار خەتنە قىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغان ۋە خەتنە قىلىشنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ بالىنى خەتنە قىلىپ، بالا شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئىسلام شەرىئىتىدە ئۇلارنىڭ تۆلەم تۆلىشى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خەتنە قىلىشنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ خەتنە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. سىز ئىسلامنىڭ بوۋاققا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ياخشى ئويلىنىڭ!

مانا بۇ ئىسلام شوئارىدا (خەتنە قىلىشتا) تەربىيىۋى ۋە دىنىي مەزمۇنلارنىڭ بارلىقى بىزلەرگە مەخپىي ئەمەس. بۇ شوئارنىڭ تەربىيىۋى

مەزمۇنى ئىنسان نەپسىنى الله نىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا بويسۇندۇرۇش ۋە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. دىنىي مەزمۇنغا كەلسەك، خەتنە قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بىر دىنىي شوئار ئىكەنلىكىدە ئەكس ئېتىدۇ. الله تائالا كىشىلەرنىڭ تۇغما سۈپەتلىرىنى مۇكەممەل قىلىش، ياراتقۇچىغا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇغان بۇيرۇقنىڭ تېخمۇ گەۋدىلىنىشى ئۈچۈن خەتنە قىلىشنى يولغا قويغان.

مانا بۇلار خەتنە قىلىشنىڭ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن ساغلاملىق جەھەتتىكى پايدىلىرىدىن باشقا پايدىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەتنە قىلىش ــ بالىنىڭ دىن تەشەببۇس قىلغان ۋە شەرىئەت بەلگىلىگەن ھەقلىرىدىندۇر.

# ئون ئۈچىنچى، بالىنىڭ يۇيۇلۇش، كېپەنلىنىش، جىنازا نامىزى ئوقۇلۇش ۋە دەپنە قىلىنىشتىكى ھەققى

بالا بۇ باسقۇچتا (يەنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا) ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ بالا يۇيۇلۇپ، كېپەنلىنىپ، جىنازا نامىزى ئوقۇلۇپ دەپنە قىلىنىدۇ. بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسۇن ياكى ھايات تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنازا نامىزى ئوقۇش يولغا قويۇلغان.

ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۆلۈپ كەتكۈچى كىچىك بالا بولسا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئورنىدا تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ: ‹اَللَّهُمَّ اجْعَلْهُ فَرَطًا لِوَالِدَيْهِ، وَذُخْرًا وَسَلَفًا وَأَجْرًا، اَللَّهُمَّ ثَقِّلْ بِهِ مَوَازِينَهُمَا، وَأَعْظِمْ بِهِ أُجُورَهُمَا، اَللَّهُمَّ اجْعَلْهُ فِي كَفَالَةِ إِبْرَاهِيمَ وَأَلْحِقْهُ بِصَالِحِ سَلَفِ الْمُؤْمِنِينَ، وَأَجِرهُ بِرَحْمَتِكَ مِن عَذَابِ الْجَحِيمِ، وَأَبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِهِ، وَأَهْلاً خَيْراً مِنْ أَهْلِهِ› ‹ئى الله! ئۇنى ئاتا-ئانىسىغا تەييارلاپ قويۇلغان سوۋغات، زاپاس بايلىق، يوللانغان ياخشى ئەمەل ۋە ئەجىر قىلىپ بەرگىن. ئى الله! ئۇ بالا سەۋەبلىك ئاتا-ئانىسىنىڭ تارازىسىنى ئېغىر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجرىنى كاتتا قىلغىن. ئى الله! ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپالىتىدە قىلغىن، مۇئمىن سەلەف-سالىھلارغا قوشقىن، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن ياخشى بىر يۇرتنى، ئائىلىسىدىكىلەردىن ياخشى بىر ئائىلىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگىن›». [1]

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ھايات

---

[1] «المغني» 5- توم 489- بەت.

ئىكەنلىكى بىلىنسە، ئاۋاز چىقارغان بولسۇن ياكى چىقارمىغان بولسۇن، ئۇنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئالىملار ئىجماغا (بىرلىككە) كەلگەن. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: <ئەگەر بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆت ئايلىق بولۇپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ بالا يۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ>. ھەتتا زىناخور ئايالنىڭ بالىسى ئۈچۈنمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ. ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دېگەن: <كىمكى بىزنىڭ قىبلىمىزگە ئالدىنى قىلسا ۋە بىز ئوقۇغان نامازلارنى ئوقۇسا، بىز ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇيمىز ۋە ئۇنى دەپنە قىلىمىز. ھەتتا زىناخور ئەر ۋە زىناخور ئايالنىڭ بالىسىنىڭمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ...>». [1]

ئىسلام شەرىئىتى بالا ھايات ۋە ئۆلۈك ھالەتتە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بولۇپ، دۇنيادا يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھۆرمەت، غەمخورلۇق ۋە كۆڭۈل بۆلۈش بارمۇ!؟

پاك ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ھەقلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىنىش، ئەزان ئوقۇلۇش، ئېغىزلاندۇرۇلۇش، ئەقىقە قىلىنىش، چېچى چۈشۈرۈلۈش، چىرايلىق ئىسىم قويۇلۇش، تەبىئىي ئېمىتىلىش، تەدرىجىي سۈتتىن ئايرىلىش، نەپىقىسى بېرىلىش، نەسەبىنى ئىسپاتلاش ۋە خەتنە قىلىنىشتىكى ھەقلىرىنى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ يۇيۇلۇش، جىنازا نامىزى ئوقۇلۇش ۋە دەپنە قىلىنىش قاتارلىق ھەقلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ بۇ ھەقلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ

---

[1] «المغني» 2- توم 559- بەت.

قالماستىن، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ھەقلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. اللە نىڭ ئىزنى بىلەن كېيىنكى باسقۇچلاردا بۇ ھەقلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

# 2 - باب

# بالىنىڭ سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلامىي تەربىيىلىنىشىدىكى ھەقلىرى

## كىرىش سۆز

### ❖ «التربية» «تەربىيە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

ئۇستاز مۇھەممەد رەجائ ھەنەفىي ئابدۇل مۇتەجەللى مۇنداق دېگەن: [«تربية» دېگەن سۆز «ربا يربو» دېگەن پېئىلدىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئۆستى، ئۆسىدۇ ياكى كۆپىيىدۇ» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەرسىنىڭ تەدرىجىي ھالەتتە مۇكەممەل بولۇشىمۇ «تربية» دەپ ئاتىلىدۇ. «تربية» دېگەن سۆز پەقەت ھازىرقى دەۋردىلا تونۇلغان بولۇپ، ئەرەبلەر ئىلگىرى «التأديب» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇلار مۇئەللىمگە «المؤدب» «ئەدەب ئۆگەتكۈچى» دېگەن نامنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى.

«التربية» «تەربىيە» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان يېڭى مەنىسىدە قۇرئان كەرىمدە ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى «سۈرە بەنى ئىسرائىل» دا كەلگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ «(ۋە: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن> دېگىن»[1]. يەنە بىرى «سۈرە شۇئەرا» دا كەلگەن بولۇپ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ أَلَمْ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدًا وَلَبِثْتَ فِينَا مِنْ عُمُرِكَ سِنِينَ﴾ «(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتى: ‹سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟›»[①].

ئىسلامىي تەربىيە ــ بىر شەخسنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنىڭ ۋايىغا يېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارلىرىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئىسلامىي پرىنسىپ ۋە ئىسلامىي قىممەت قاراشقا مۇۋاپىق ھالەتتە ئەڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر[②].

شەيخ ئەھمەد فەرىد مۇنداق دېگەن: «سەلەفلەر ئېقىمىدىكى ئىسلامىي تەربىيە ــ بىز مەقسەت قىلىۋاتقان، يەتمەكچى بولغان ۋە تەشەببۇس قىلىۋاتقان تەربىيىدۇر. بۇ تەربىيىنىڭ مەقسىتى ــ ئەقىدىسى سەلەف ـ سالىھلارغا ئوخشاش ساغلام بولغان، ئىسلامىي چۈشەنچىسى سۇزۇك، ئەخلاقى ئىنتايىن گۈزەل ۋە الله نى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەمدە ئۇلارنى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ بىناسىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان «ياراملىق كېسەك» قىلىپ تەييارلاپ چىقىشتۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئېتىقادى ساھابىلەر بىلەن بىردەك، كىتاب ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتە ساھابىلەر يولىدا ماڭىدىغان ھەمدە ئەخلاقلىرى، ئەمەللىرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا ساھابىلەرگە ئەگىشىدىغان ساھابىلەر ئۆلچىمىدىكى ئەۋلادنى تەربىيىلەپ چىقىشتۇر»[③].

---

① سۈرە شۇئەرا 18 ـ ئايەت.
② «الوعي الإسلامي» ناملىق ژۇرنال 93 ـ سان.
③ «التربية على منهج أهل السنة والجماعة» 19 ـ بەت.

❖ تەلىم-تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى

تەلىم-تەربىيە — بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەڭ چوڭ ھەقلىرىدىن بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئەخلاقلىق، لاياقەتلىك ۋە ئىسلامغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئىسلامىي تەلىم-تەربىيىنىڭ تۈنجى نىشانى — مۇكەممەل ھالەتتىكى مۆئمىن شەخسنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. بۇ نىشان كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئۆزئارا دوستلىشىش ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان. تىلشۇناس ئالىملار تەلىم-تەربىيىنى «رباه تربية» «بالىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈش، ئىگە بولۇش» دەپ ئىزاھلىغان. شەرىئەت ئالىملىرىمۇ تەلىم-تەربىيىنىڭ «بالىلارغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارغا دىن ۋە دۇنيالىقتا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ھەرگىزمۇ چاقماق تېزلىكىدە تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى جەڭ بولماستىن، بەزىدە بىرقانچە ئەۋلادلار تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق جەڭ ئىكەنلىكى زېھنىمىزدە ئوچۇق بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا، بۇ ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن ئەۋلادلار ئىرادىسى مۇستەھكەم، ھەرقانداق ئىشقا سەۋر قىلالايدىغان، الله قا بولغان ئىمانى كۈچلۈك، الله قا تايىنىدىغان ۋە ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارغا دائىم تەييار تۇرىدىغان، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتى تارتىۋاتقان ئازاب ۋە كۈلپەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، مېلى، قېنى، پىكرى ۋە بارلىق نەرسىلىرىنى سەرپلىيەلەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەل قايناملىرىدىن

كۆپۈكلەرنى سۈزەلەيدىغان ۋە زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ مۇستەھكەم تۇرالايدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشى لازىمدۇر. بۇ ئەۋلادلار يۇقىرىدىكى تەلەپ قىلىنغان سۈپەتلەرگە مۇۋاپىق رەۋىشتە يېتىشكەندە، الله تائالا كىشىلەرنىڭ (بۇ ئۈممەتنىڭ) ئەھۋالىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾** <الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر>[1]».[2]

ئىسلامىي تەلىم-تەربىيە بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن تەربىيە خاراكتېرلىك ھەرخىل مەسىلىلەرنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىشى لازىم. تەلىم-تەربىيە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ئارقىلىق مۇسۇلماننىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىكى تەلەپلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. بۇ تەربىيە — روشەن مەنھەج، ئەتراپلىق پىلان ۋە پىلانلىق ئەمەلىي پروگراممىلار ئاساسىدا شۇ مۇسۇلماننىڭ بارلىق ھالەتلىرى ۋە تەرەپلىرىگە كۆڭۈل

---

[1] سۈرە نۇر 55- ئايەت.

[2] «واقعنا المعاصر» 1- توم 525- بەت.

بولىدۇ.

ئىسلام ئۆز ئوغلانلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ مەركىزىي يادروسى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تەلىم-تەربىيىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام ئۇلارغا تەربىيىلەشنىڭ توغرا مەنھەجىنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئاتا-ئانىلارغا ئامانەت قىلىپ يۈكلىگەن. بۇ توغرا مەنھەج دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، الله تائالا ھەربىر ئاتا-ئانىنى بۇنىڭغا تەكلىپ قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدە گەۋدىلىنىدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[1].

دادىنىڭ بالىلىرىغا نىسبەتەن پادىچى بولۇپ، الله نىڭ ئالدىدا پادىلىرى ھەققىدە سوئال-سوراق قىلىنىدىغانلىقى، ئانىنىڭمۇ پادىچى بولۇپ، ئۆز پادىلىرى ھەققىدە سوئال-سوراق قىلىنىدىغانلىقى ھەدىستە خەۋەر بېرىلگەن. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كلكم راع، وكلكم مسئول عن رعيته. . .» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر»[2].

الله تائالا بۇ ھەقكە سەل قارىغان كىشىنى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراشتىن مەھرۇم قىلىش بىلەن قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بايان

---

[1] سۈرە تەھرىم 6- ئايەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ما من عبد يسترعيه اللّٰه رعيته يموت يوم يموت وهو غاش لرعيته إلا حرم اللّٰه عليه الجنة» «اللّٰه بىرەر قەۋمگە مەسئۇل بولۇشنى نېسىپ قىلغان كىشى قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان ھالدا ۋاپات بولسا، اللّٰه ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ (يەنى ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)».[1] شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىر ھەدىستە: «فكفى بالمرء إثما أن يضيع من يقوت» «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر» دېگەن.[2]

پەيغەمبەر ﷺ يۇقىرىقى ھەدىسلەردە خەۋەر قىلغاندەك، ئەۋلادلارنى ساغلام يېتىشتۈرۈپ چىقىش بىلەن ئۇلارغا بېرىلگەن تەلىم-تەربىيە، كۆيۈنۈش، پايدىلىق كۆرسەتمىلەر ۋە ئۇلارغا سەرپلەنگەن ۋاقىت، تىرىشچانلىق ۋە پىلان قاتارلىقلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئەگەر سىز بالىلىق دەۋر ئۈستىدە ئويلىنىپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئىسلامنىڭ بالىلىق دەۋرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىسىز. چۈنكى، بۇ دەۋر ئىنساننىڭ باشقا دەۋردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ دەۋردە سىڭدۈرۈلگەن كۆز قاراش، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر بالىنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولىدۇ. دېمەك، بالىلىق دەۋر اللّٰه تائالا بالىغا ئاتا قىلغان مۇنبەت تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭغا نېمە تېرىلسا، ئۇنى ئۆزىدە مۇستەھكەم تۇتۇپ قالىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ.

بۈگۈنكى گۈدەك بالا ئەتىدىكى ياپياش يىگىتتۇر. بىز ئېتىبارسىز

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

قارىغان كىچىك بالا ئاز كۈندىن كېيىن بىز بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان چوڭ بىر كىشىگە ئايلىنىدۇ. دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن كىچە-كېچىلەپ سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ياشلارغا كۆز تىكىۋاتقان مەدەنىيەت ئازغۇنلۇقلىرىغا قارشى مۇستەھكەم سېپىلنى سوقۇشىمىز ـــ مۇشۇ زاماندىكى تەكىتلەنگەن پەرز كۇپايىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئۇلارنىڭ بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا پەزىلەتلەرنى ۋۇجۇدىغا ئورنىتىش ۋە گۆدەكلىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قىممەت قاراشلارنى سىڭدۈرۈش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بۇ يەردە باللىق دەۋرىدىكى ئىسلامىي تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭ ئۈچۈن بايان قىلىنغانكى، باللىق دەۋرىدىكى ئىسلامىي تەربىيە بالىنىڭ مۇكەممەل ھاياتقا ئېرىشىشى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى، جىسمانىي تەرەپلەردە كۈچلۈك، ئەخلاقى گۈزەل، پىكرى توختالغان، تۇيغۇلىرى نازۇك ۋە ئۆز ئىشىغا ماھىر ھالەتتە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشالايدىغان بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەلبى ۋە تىلى ئارقىلىق مەقسىتىنى ياخشى ئىپادىلىيەلەيدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياخشى خىزمەت قىلالايدىغان بولۇپ يارامىلىق يېتىشىپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىسلامىي تەربىيە مۇشۇ تەرەپلەردىكى ھەممە ئېھتىياجغا يېتەرلىكتۇر. شۇڭلاشقا، بالا ئىمانىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، پىكرىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردە ھەمدە باشقا ھەرخىل تەلىم-تەربىيە تۈرلىرىدە ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ مۇكەممەل ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بۇ تەربىيىدىن ئايرىلالمايدۇ.

تەلىم-تەربىيىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بۇيرۇغان ھەمدە ئاتا-ئانىلار ۋە

بالىغا مەسئۇل بولغۇچىلارنى قىزىقتۇرغان زۆرۈر خىزمەت ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر. شۇڭلاشقا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىدىكى ھەقلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرسە، ئائىلىسى ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان مۇكەممەل يېڭى بىر ئەۋلادنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

### ❖ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىدىكى رولىنىڭ ئەھمىيىتى

تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. بالىنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسى تەربىيىلىمىسە كىم تەربىيىلەيدۇ؟ دېمەك، تەلىم ـ تەربىيىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە جاپالىق ئىرىشچانلىق يۈكلىنىدۇ. بالىنى تەربىيىلەشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ـــ بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەڭ ياخشى بولغان نەمۇنە ۋە ئۈلگىلەرنى يارىتىشىدۇر. مانا بۇ نەمۇنە ۋە ئۈلگىلەر ئاتا ـ ئانىلار بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئىسلاھ بولسا بالىمۇ ئىسلاھ بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئىككىسى بۇزۇلسا، بالىمۇ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بالا بۇزۇلسا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىدىن باشقىلارغا مالامەت قىلالمايدۇ.

ياخشى ئۈلگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾ «سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرئاننىڭ روھى، ھەقىقەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشى بولغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «كان خلقه القرآن» «رەسۇلۇللاھ ﷺ

---

[①] سۇرە ئەھزاب 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «تەربىيە ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك، پۇختا ۋە ئەتراپلىق قىلىپ كىتاب يېزىش كېرەك بولسا، بۇ ئىنتايىن ئاسان ھەمدە مەنھەجىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن ئەمەس. لېكىن، بۇ مەنھەج زېمىن يۈزىگە تەتبىقلىنىپ ھەقىقىي بىر رېئاللىققا ئايلانمايدىكەن ھەمدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىستىلى، ئىش-پائالىيەتلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى، پىكىرلىرى ئارقىلىق شۇ مەنھەجنىڭ پرىنسىپ ۋە مەنىلىرىنى يورۇتۇپ بەرمەيدىكەن، ئۇ پەقەت قەغەز يۈزىدىكى سىياھ ۋە بوشلۇقتا ئېسىپ قويۇلغان پانۇسلا بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەنھەج ھەقىقەت ۋە ھەرىكەتكە ئايلانغان ۋاقىتتىلا تارىختا ئايلىنالايدۇ».[2]

شۇڭلاشقا، ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەلىم-تەربىيە مۇتلەق ھالەتتە ئەڭ مۇھىم تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بالا بۇ باسقۇچتا (يەنى سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا) چۈشەنمەستىن ياكى پىكىر يۈرگۈزمەستىنلا باشقىلارغا ئەگىشىدۇ. دېمەك، مانا بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق چوڭ-كىچىك ئىش بالىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ «كىمكى بىرەر خاراكتېردە ئۆسۈپ يېتىلسە، ئۇ شۇ خاراكتېردە چوڭ بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېسىدە ياخشى ساقلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بالا پەقەت ئاتا-ئانىسىدىن كۆرگەن نەرسە ئۈستىدىلا چوڭ بولىدۇ.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] «منهج التربية الإسلامية» 181- بەت.

شۇڭا، ھەربىر ئاتا-ئانا ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى كېرەك، چۈنكى باللارنىڭ كۆزلىرى ئاتا-ئانىلارغا تىكىلگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسىنى باللارمۇ ياخشى دەپ قارايدۇ، ئاتا-ئانىلار يامان دەپ قارىغان نەرسىنى باللارمۇ يامان ۋە ناچار دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ئاتا-ئانا ياخشى ياكى ياماننى ئۆزىنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلچىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئاتا-ئانا ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىن باللىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا شەرىئەت ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى ئورنىتىدۇ.

بالىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئاتا-ئانىسىنى دورايدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇلئەلا مەئەررى مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان:

ئانا توز ئىغاڭلاپ مېڭىپتۇ بىر كۈن،
توزچاقلار دوراپتۇ ئەينەن ئانىنى،
دەپتۇ ئانا، نېمىشقا بۇنداق ماڭىسىلەر؟
سەن شۇنداق ماڭغاچقا دورىدۇق سېنى.
سەن ئاۋۋال رۇس ماڭغىن جېنىم ئانجان،
سەن بىزگە نەمۇنە، ئۇنۇتما بۇنى!

مانا بۇ كىرىش سۆزدە ئىسلامىي تەلىم-تەربىيىنىڭ مەنىسى، ئەھمىيىتى ۋە شۇ تەلىم-تەربىيىدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ پائال رولىنى بايان قىلدۇق. تۆۋەندە ئىسلام شەرىئىتى بالا ئۈچۈن قوغداپ كەلگەن بالىنىڭ ھەرخىل تۈردىكى تەلىم-تەربىيە ھەقلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## بىرىنچى، بالىنىڭ ئەقىدە تەربىيىسىدىكى ھەققى

بالىنى ئەقىدە تەرەپتىن تەربىيىلەش — ئەڭ مۇھىم تەلىم-تەربىيە تۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى بالا پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولغان ھامان ئۇنىڭ ئىماننىڭ ئاساسلىرى ۋە تەۋھىد توغرىسىدىكى بىلىملەرنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەقىدە تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققىگە كاپالەتلىك قىلغان. شەرىئەتنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى — بالىنىڭ ئۆز رەببىنى تونۇپ ئۇنى ياخشى كۆرۈشى ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى، نەتىجىدە ھەقىقىي تەۋھىد ئۈستىدە تەربىيىلىنىپ چىققان بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئىماننىڭ ئاساسلىرى — الله تائالاغا، پەرىشتىلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەمدە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئالى، قەبرە ئازابى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىقلارنى، ئۇنىڭدىن باشقا غەيب ئىشلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىمانىي ھەقىقەتلەر ۋە غەيب ئىشلار ھەققىدە راستچىل خەۋەر يولى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ھەرقانداق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بالا مانا بۇ ئىمانىي چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تەربىيىلەنگەندە، ئىدىيە ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە ئىسلام ئەقىدىسىگە باغلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

دوكتور ئەھمەد ئابدۇلئەزىز ھۇلەيبى مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئەڭ چوڭ ئاساس بولۇپ، ئىسلام ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئىنساننىڭ تەپەككۇرى، ئەخلاقى ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىكى بىناسىنى قۇرۇپ چىقىشتا ئاۋۋال ئورۇندىلىشى لازىم بولغان بىرقانچە قەدەم باسقۇچلار بار بولۇپ، بۇ

باسقۇچلارنىڭ تۇنجىسى ھەم ئىماننىڭ ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق ئىشنى ئىمانغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەت بېرىشتىن مۇھىم دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ئىماندىن باشلاشنىڭ ئەھمىيىتى پەرزەنت تەربىيىسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىلار تۇنجى بولۇپ بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىمان ئۇرۇقلىرىنى تىكىشى ھەمدە شۇ ئىمان ئۇرۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە پەرۋىش قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. مۇسۇلمان بالىغا زۆرۈر بولغان بۇ ئىمان ھەرگىزمۇ تەپەككۇردىكى ئاشقۇنلۇق، نەپسىگە نىسبەتەن ئارتۇقچە بىر ئىش ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر بولماستىن، بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى بولۇپ، الله تائالا ئىنسانلارنى جان ۋە روھ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولغان ئەنە شۇ قانۇنىيەت ئۇستىدە ياراتقان».[1]

بالىنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە دائىم تەكرارلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەۋھىد كەلىمىسىنى مۇستەھكەم ئورنىتىشى ـــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «افتحوا على صبيانكم أول كلمة بلا إله إلا اللّٰه ولقنوهم عند الموت لا إله إلا اللّٰه» «بالىلىرىڭلارغا تۇنجى قېتىم <لا اله الا اللّٰه> دېگەن كەلىمىنى ئۆگىتىڭلار ۋە ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگەندە <لا اله الا اللّٰه> نى تەلقىن قىلىڭلار».[2]

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، بالىنىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ

[1] «ثقافة الطفل المسلم» 197 ـ ۋە 201 ـ بەت.

[2] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

ئاڭلىنىدىغان، تىلى تۇنجى بولۇپ سۆزلەيدىغان ۋە قەلبى تۇنجى بولۇپ باغلىنىدىغان سۆزنىڭ ئىسلامغا كىرىش شوئارى بولغان تەۋھىد كەلىمىسى بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالىلار سۆزلىيەلەيدىغان بولغاندا، ئۇلارغا ‹لا اله الا اللّٰه محمد رسول اللّٰه› دېگەن كەلىمىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا تۇنجى بولۇپ ئاڭلىنىدىغان سۆز الله نى ۋە ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى تونۇش، الله تائالانىڭ ئەرشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارغا قارايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلار قەيەردە بولسا الله نىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بولسۇن. بەنى ئىسرائىل قەۋمى بالىلىرىغا ‹عما نويل› دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىتاتتى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى — ‹ئىلاھىمىز بىز بىلەن بىرگە› دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن، «ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان» دېگەن ئىسىملار الله قا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىسىملاردۇر. چۈنكى، بۇ ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بالىلار كېيىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا، ئۆزىنىڭ الله نىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى، الله نىڭ بولسا ئۆزىنىڭ خوجىسى ۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ».[1]

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ سۈزۈك تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا الله تائالانى ياخشى كۆرۈشنى مۇستەھكەم ئورنىتىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، بالىلار الله نىڭ رۇبۇبىيىتىنى ئىقرار قىلىپ، ئىماننى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من مولود إلا يولد على

[1] «تحفة المودود بأحكام المولود» 195 ـ بەت.

الفطرة فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه» «ھەرقانداق بالا تۇغۇلغاندىلا ئىسلامنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەت بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئاتا-ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ۋە ياكى مەجۇسىي قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ».① شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىلاردىكى بۇ خىل تەبىئەتتىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «تۇغما تەبىئەت ئۆزگە تىكىلگەن ھەرقانداق كۆچەتنى قوبۇل قىلىدىغان كەڭرى كەتكەن مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىمان ۋە تەقۋالىق كۆچىتى تىكىلسە، داۋاملىق شېرىن مېۋە بېرىدۇ؛ ئەگەر نادانلىق ۋە ھاۋايى-ھەۋەس كۆچىتى تىكىلسە، ئۇنىڭدىن چىققان مېۋىنىڭ ھەممىسى بەتتەم بولىدۇ».②

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى قول، ئىككى پۇتىغا ۋە ئەتراپىدىكى دەل-دەرەخ، دەريا، دېڭىز، ئاسمان، ھايۋانات، قۇشلار ۋە ھەرخىل گۈل-گىياھلارغا قارىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا الله نىڭ نېئمەتلىرىنى تونۇتۇشى ۋە بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ الله تەرەپتىن ئىكەنلىكىنى ھەمدە الله نىڭ مۇشۇ نېئمەتلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئاتا قىلغۇچىسى ۋە پەيدا قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ**﴾ «ئى ئىنسانلار! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد ئېتىڭلار، الله تىن باشقا سىلەرگە

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «الفوائد» 51- بەت.

ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً**﴾ «بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددى ۋە مەنىۋى) نېئمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى»[2].

ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىنىڭ يېگانە الله قا قۇلچىلىق قىلىدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نېئمەت ئۈچۈن الله قا شۈكرى قىلىشنى ئۆگىتىشىمۇ — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. مەسىلەن، دادا بالىغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەدىيە ياكى يېڭى كىيىم ۋە ياكى پۇل-مالغا ئوخشاش بىرەر نەرسە بەرگەندە، ئانا بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، بالىسىدىن بۇنىڭغا قارىتا دادىسى ئالدىدا نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سورايدۇ ۋە بالىسىنى ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە باشقىلارنىڭ ئېھسانىنى تونۇش چۈشەنچىلىرىگە يېتەكلەيدۇ. ئاندىن كېيىن بالىسىنى دادىسىغا ۋە بۇ ھەدىيىلەرنى ياكى مال-مۈلۈكلەرنى ئاتا قىلغان الله قا شۈكرى قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

بالىغا دائىم الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشمۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئىسىم-سۈپەتلەر بالىنىڭ الله نى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشىدا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىغا الله نىڭ بەزى ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يادلىتىشى ۋە مەنىلىرىنى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ

[1] سۈرە فاتىر 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە لوقمان 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قويۇشى لازىم. بالىلارغا ئايەتۇلكۇرسىغا ئوخشاش الله نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئايەتلەرنى ۋە ئىخلاس سۈرىسىگە ئوخشاش بەزى قىسقا سۈرىلەرنى يادقا ئالدۇرۇشى لازىم.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ياردەمنى الله تائالادىنلا سوراش، الله نىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش ھەمدە يېگانە الله نىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلار ئاساسىدا تەربىيىلىشىمۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئىسلام شەرىئىتى ئەقىدە تەربىيىسىدە بۇ تەرەپلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر بولۇپ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَعْتَصِمْ بِاللَّهِ فَقَدْ هُدِيَ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «كىمكى الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»[2].

الله تائالانىڭ دائىم نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن بالىسىغا تەلىم بەرگەن لوقمان ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾ «(لوقمان ئېيتتى) ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 101- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فاتىھە 5- ئايەت.

كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[3].

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ تاغىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ مۇھىم تەرەپنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا غلام، إني أعلمك كلمات: احفظ اللَّه يحفظك احفظ اللَّه تجده تجاهك، إذا سألت فاسأل اللَّه، وإذا استعنت فاستعن باللَّه، واعلم: أن الأمة لو اجتمعت على أن ينفعوك بشيء لم ينفعوك إلا بشيء قد كتبه اللَّه لك، وإن اجتمعوا على أن يضروك بشيء لم يضروك إلا بشيء قد كتبه اللَّه عليك، رفعت الأقلام وجفت الصحف» «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنكى، الله سېنى قوغدايدۇ؛ الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغىنكى، الله نى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىساڭ، الله تىن سورىغىن؛ ياردەم تىلىسەڭ، الله تىن تىلىگىن. بىلىپ قويغىنكى، بارلىق ئۇممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، الله ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر بارلىق ئۇممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، الله ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق

---

[1] سۇرە لوقمان 16 ـ ئايەت.

[2] سۇرە قاف 16 ـ ئايەت.

[3] سۇرە ھەدىد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى». [1]

باشقا نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «احفظ اللّٰه تجده أمامك، تعرف إلى اللّٰه في الرخاء يعرفك في الشدة، واعلم: أن ما أخطأك لم يكن ليصيبك، وما أصابك لم يكن ليخطئك، واعلم: أن النصر مع الصبر، وأن الفرج مع الكرب، وأن مع العسر يسرا» «الله نى ياد ئەتكىن، الله نى كۆز ئالدىڭدىلا تاپىسەن. باياشات ۋاقىتلاردا الله نى تونۇغىن، الله تائالا سېنى قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردا تونۇيدۇ. بىلگىنكى، ساڭا تېگىشلىك بولمىغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەيدۇ ۋە ساڭا تېگىشلىك بولغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەي قالمايدۇ. بىلگىنكى، غەلىبە سەۋر قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ، ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چىقىش يولى بولىدۇ، ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار». [2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «وإن أصابك شيء فلا تقل: لو أني فعلت لكان كذا وكذا. ولكن قل: قدر اللّٰه وما شاء فعل. فإن لو تفتح عمل الشيطان» «ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە: <كاشكى مۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ئۇنداق بولمايتتى> دېمەستىن، ئەكسىچە: <الله نىڭ تەقدىرى شۇنداقكەن، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ> دېگىن. چۈنكى، <كاشكى> دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئەمەلىگە ئىشىك ئاچىدۇ>». [3]

ئىسلام شەرىئىتى يەنە بالىنىڭ الله تائالاغىلا باغلىنىپ، الله تىن باشقا ھەرقانداق ۋاستىلەرنى تەرك ئېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بالا الله تىن باشقىسىدىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ، الله تىن باشقىسىدىن قورقمايدۇ ۋە الله تىن باشقىسىدىن سورىمايدۇ. نەتىجىدە، يالغۇز

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد، ھاكىم ۋە تەبەرانى توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

ۋاقىتلىرىدا ھەمدە ساغلام ۋە كۈچلۈك ۋاقىتلىرىدا الله يولىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. الله نى ياد ئېتىپ تۇرغانلىقتىن باياشات ۋە قىيىنچىلىق شارائىتلاردىمۇ الله تائالانى دائىم ئۆزىگە كۆزەتچى قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا الله تائالانىڭ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ــ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتۇر. بالا بۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدۇ ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان ئىشلارغا قىزىقىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ھاياتىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلارنى بۇ خىل ئۆسۈپ يېتىلىش تۇرىگە يۈزلەندۈرسە، بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇشۇ بۇيۇك ئۆسۈپ يېتىلىش تۇيغۇسىدىن باشقىسى قاندۇرالمايدىغان الله ياراتقان تەبىئىي قانۇنىيەتكە مايىل قىلىش بىلەن قاندۇرغان بولىدۇ.

بالىغا قۇرئان كەرىم ئۆگىتىشمۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە يادقا ئالغاندا، ئەقىدە بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ، قەلبى قۇرئانغا باغلىنىدۇ، قۇرئاننىڭ روھى بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىدۇ، قۇرئان نۇرى ئۇنىڭ پىكرى، تەپەككۇرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا قۇرئاننى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىش، چەكلىگەنلىرىدىن يېنىش، قۇرئان بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە قۇرئاننىڭ مەنھەج-پروگراممىلىرى بويىچە مېڭىش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

دوكتور ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان مۇنداق دېگەن: «ئىبنى خەلدۇن بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ۋە ئۇنى يادقا ئالدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلغان. ئۇ قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسى

ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، قۇرئان ئەقىدىنى مۇستەھكەملەيدىغان ۋە ئىماننى چىڭىتىدىغان دىنىنىڭ شوئارىدۇر».[1]

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ئاساسىدا تەربىيىلىشى، بالىلىرىغا مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى الله نىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىنئامى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل، الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ﴾ «الله مۇئمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[2].

**❖ بالىنى تەربىيىلىگەندە زۆرۈر بولغان مۇھىم ئۈچ تەرەپ بار بولۇپ، ئۇلار:**

- بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياخشى كۆرۈش.
- ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۆرمەت قىلىش.
- ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىتائەت قىلىش.

---

[1] «تربية الأولاد في الإسلام» 2- توم 604- بەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 164- ئايەت.

ئاتا-ئانىلار بالا قەلبىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان مۇھەببەتنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا دائىم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى، ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئۆز جانلىرى ۋە ماللىرىنى پىدا قىلغانلىقلىرىنى، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتتىكى ساھابىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈشكە ئۈندەيدىغان كۆرۈنۈشلەرنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك.

تابىئىنلاردىن سابىت ئەلبۇنانى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرگەن ئىككى كۆزۈڭگە سۆيەي» دېگەن. ئاتا-ئانىلار مۇسۇلمانلىڭ ئىمانى پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش بىلەنلا مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى بالىلىرىغا دائىم تەكىتلەپ تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من ولده ووالده والناس أجمعين» «ھەرقانداق بىر كىشى مېنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، بالىچاقىسى ۋە جىمى ئىنسانلاردىن ئارتۇق كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۆرمەتلەش ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا ئەخلاقلىق بولۇش، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار،

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى توپلىغان.

(ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۆپ دۇرۇت يوللاشمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۆرمەتلەشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇمۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىن بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاشنى ئۆگىتىشى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «البخيل من ذكرت عنده، فلم يصل علي» «بېخىل كىشى دېگەن، مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا ماڭا دۇرۇت يوللىمىغان كىشىدۇر»[2] دېگەن ھەدىسىنى يادقا ئالدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارغا دائىم پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللاشنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنى ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىش ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياخشى كۆرۈش ۋە ھۆرمەتلەش روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ بارلىق ساھەلەردە ئىنسانىيەتكە ئەمەلىي نەمۇنە ۋە ئۈلگىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا**﴾ «سىلەرگە ــ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[3].

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بالىلىرىغا ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشى زۆرۈر بولىدۇ. مانا بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ ھەققى ئادا قىلىنغان بولىدۇ. دېمەك، نەمۇنە ــ ئەڭ مۇھىم تەلىم-تەربىيە ۋاستىسىدۇر. ئۈلگىسىز تەلىم-تەربىيىنىڭ

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 2- ئايەت.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.
[3] سۈرە ئەھزاب 21- ئايەت.

باللارغا ھەرگىز پايدىسى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە زىت ئىش قىلىپ سېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، دادا ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىكى، ئانا ھىجابىنى سېلىۋەتمەسلىكى... دېگەندەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىنى نامايان قىلىدىغان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىش مەسىلىسىگە زىت كېلىدۇ.

بالىنىڭ «الولا» «الله نىڭ دوستلىرىنى ياخشى كۆرۈش» ۋە «البراء» «الله نىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇش» ئەقىدىسى ئاساسىدا تەربىيىلىنىشى بالىنىڭ ئەقىدە تەربىيىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا﴾ «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار الله تۇر، الله نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇر» [1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ إِنَّنِي بَرَاءٌ مِمَّا تَعْبُدُونَ۞ إِلَّا الَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُ سَيَهْدِينِ۞ وَجَعَلَهَا كَلِمَةً بَاقِيَةً فِي عَقِبِهِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ۞﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: <سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا-جۇدامەن [26]. پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ> [27]. ئىبراھىم كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادىدىن (شېرىك كەلتۈرگەنلەر) ئىمانغا قايتسۇن دەپ ئەۋلادى ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى [28]» [2].

«الولاء» نىڭ ئىستىمال مەنىسى — «ياخشى كۆرۈش»، «البراء» نىڭ بولسا «ئۆچ كۆرۈش» تۇر. ياخشى كۆرۈش — الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەمدە مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈش بىلەن روياپقا چىقىدۇ؛ ئۆچ كۆرۈش —

---

[1] سۈرە مائىدە 55- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە زۇخرۇف 26-، 27- ۋە 28- ئايەتلەر.

شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش بىلەن روياپقا چىقىدۇ. كاپىرلار بىلەن بىرگە ياشىماسلىق ۋە ھېيت-بايرام، مۇراسىم، كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇلارغا (كاپىرلارغا) ئوخشىۋالماسلىق قاتارلىقلار — ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈشنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش — ئالىملار ئېيتقاندەك ساپ تەۋھىدنىڭ ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي ئۆلچىمىدۇر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەقىدە ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان ۋە ئەقىدە ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئۇلارغا «دىنىم — ئىززەت-ئابرۇيۇم، گۆش ۋە قېنىمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى يادقا ئالدۇرۇشى، ئۇلارغا مۇجاھىدلارنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدە ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بالا ئۆز دىنىدىن پەخىرلىنىدىغان، دىنى بىلەن ئىززەتلىك ياشايدىغان، دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا مەھكەم ئېسىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. دىنىنى ياخشى كۆرۈش ئاساسىدا تەربىيىلەنگەن پەرزەنت ئىسلامنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ مۇستەھكەم تۇرالايدىغان، ئىسلام ئۈچۈن جېنى ۋە مېلىنى قۇربان قىلالايدىغان ھالەتتە ياشاپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئەسھابۇل ئۇخدۇدتىكى ياش يىگىتنىڭ قىسسىسى — ئەقىدە ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىشتىكى ئەڭ يارقىن كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ياش يىگىت ھەرقانداق بىر ئەسىردىكى

مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولالايدۇ. سۇھەيىب رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان:

سىلەردىن بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگىرى بار ئىدى. سېھىرگەر قېرىپ قالغان چاغدا، پادىشاھقا:

— مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر بالا بەرگىن، ئۇنىڭغا سېھىر ئۆگىتەي! — دېدى.

پادىشاھ بىر بالىنى ئۇنىڭدىن سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بالىنىڭ (بېرىپ-كېلىدىغان) يولى ئۈستىدە بىر راھىب بار بولۇپ، سېھىرگەرنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئۇ راھىبنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرنىڭ يېنىغا كەچ قېلىپ، تاياق يەيتتى. بالا بۇ ئەھۋالنى راھىبقا ئېيتىپ، شىكايەت قىلدى. راھىب ئۇنىڭغا:

— سېھىرگەرنىڭ جازاسىدىن قورقساڭ، «مېنى ئائىلەم تۇتۇپ قالدى» دېگىن. ئائىلەڭنىڭ جازاسىدىن قورقساڭ، «مېنى سېھىرگەر تۇتۇپ قالدى» دېگىن، — دەپ ئۆگەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بالا ئىنسانلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان ناھايىتى يوغان بىر مەخلۇققا دۇچ كەلدى-دە، ئۆز-ئۆزىگە:

— بۈگۈن سېھىرگەرنىڭ بىلىمى كۈچلۈكمۇ ياكى راھىبنىڭ بىلىمى كۈچلۈكمۇ؟ بۇنى بىلىۋالىمەن، — دېدى. ئاندىن قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر راھىبنىڭ ئىشى ساڭا سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشىراق بولسا، بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانلارنى خاتىرجەم قىلغىن!» دەپ تاشنى ئاتقان ئىدى، ھايۋان ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار خاتىرجەم بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. بالا راھىبنىڭ ئالدىغا

كېلىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، راھىب ئۇنىڭغا:

— ئى ئوغلۇم! سەن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن. كەلگۈسىدە بېشىڭغا مۇسىبەتلەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەن توغرۇلۇق ھېچكىمگە سۆز قىلمىغىن! — دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ بالا قارىغۇ، ئاق كېسەل ۋە باشقا كېسەللەرنى داۋالاشقا باشلىدى. پادىشاھنىڭ بىر قارىغۇ دوستى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كۆپ سوۋغاتلار بىلەن كەلدى ۋە:

— ئەگەر سەن ماڭا شىپا بەرسەڭ، ساڭا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرىمەن — دېدى. بالا:

— مەن ھېچكىمگە شىپا بېرەلمەيمەن، بەلكى الله شىپا بېرىدۇ. ئەگەر سەن الله قا ئىمان كەلتۈرسەڭ، مەن الله قا دۇئا قىلىمەن، الله ساڭا شىپا بېرىدۇ — دېدى. ئۇ قارىغۇ الله قا ئىمان كەلتۈردى، الله ئۇنىڭغا شىپا بەردى (يەنى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى). كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— كۆزۈڭنى كىم ساقايتتى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— رەببىم — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ:

— مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ الله تۇر — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ئۇنى تۇتۇپ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرى چىدىيالماي بالىنىڭ تۇرغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويدى. بالا ئېلىپ كېلىندى، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ سېھىرىڭ بەكمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. قارىغۇ، ئاق كېسەل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللەرنى داۋالاپ، شىپا بېرىدىغان بولۇپ كېتىپسەن — دېدى. ئۇ بالا:

— مەن ھېچكىمگە شىپا بېرەلمەيمەن، شىپا بەرگۈچى الله تۇر —

دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ بالىنى تۇتۇپ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇمۇ ئازابقا چىدىيالماي، راھىبنى كۆرسىتىپ قويدى. راھىب ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇنىڭغا:

— دىنىڭدىن قايت! — دېيىلدى. راھىب قوبۇل قىلمىغانىدى، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدەپ، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنى ئېلىپ كېلىنىپ:

— دىنىڭدىن قايت! — دېيىلدى. ئۇمۇ قوبۇل قىلمىغانىدى، ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدەپ، بەدىنىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. ئاندىن بالا ئېلىپ كېلىنىپ:

— دىنىڭدىن قايت! — دېيىلدى. لېكىن ئۇمۇ قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى بىر گۇرۇھ لەشكەرگە تاپشۇرۇپ:

— بۇنى پالانى تاغقا ئېلىپ چىقىڭلار، چوققىغا چىققاندا، دىنىدىن ۋاز كېچىشنى ئېيتىڭلار. ئەگەر ۋاز كەچسە ياندۇرۇپ كېلىڭلار، بولمىسا تاغدىن پەسكە تاشلىۋېتىڭلار! — دېدى. ئۇلار بالىنى تاغقا ئېلىپ چىققاندا، بالا:

— ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى بۇلاردىن ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن قوغدىغىن! — دەپ دۇئا قىلغانىدى، تاغ قاتتىق سىلكىنىپ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى پەسكە دومىلاپ كەتتى. بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— قالغانلار قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، بالا:

— الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر گۇرۇھ لەشكەرگە تاپشۇرۇپ:

— بۇنى كېمىگە سېلىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار،

دىنىدىن قايتسا قويۇۋېتىڭلار. قايتمىسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار دېڭىزغا يېتىپ بارغاندا، بالا:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى بۇلاردىن ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن قوغدىغىن! ــ دەپ دۇئا قىلغانىدى، كېمە چۆكۈپ كېتىپ، (بالىدىن باشقا) ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولدى. بالا يەنە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ باردى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

ــ قالغانلارغا نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىغانىدى، بالا:

ــ الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. سەن مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىغۇچە مېنى ئۆلتۈرەلمەيسەن؟ ــ دېدى. پادىشاھ:

ــ نېمىلەرنى قىلىمەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، بالا:

ــ خەلقنى بىر يەرگە توپلاپ، مېنى بىر دەرەخكە باغلايسەن. ئاندىن ئوقدىنىمدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى ياچاققا قويۇپ: «بۇ بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىمەن» دەپ (ئوقنى) ئاتىسەن. شۇنداق قىلساڭلا، مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن ــ دېدى. پادىشاھ خەلقنى بىر يەرگە توپلاپ، بالىنى بىر دەرەخكە باغلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوقدىنىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ياچاققا قويۇپ:

ــ بۇ بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىمەن ــ دەپ ئاتتى. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تەگدى، بالا چېكىسىگە قولىنى قويغان ھالدا ئۆلۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئىنسانلار:

ــ بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈردۇق، بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈردۇق، بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈردۇق ــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، بىرى پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى

بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈردى ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ يول ئېغىزلىرىغا خەندەكلەرنى كولاپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىشنى ھەمدە كىمكى دىنىدىن قايتمىسا، ئۇنى خەندەكلەرگە تاشلاشنى بۇيرۇدى ياكى (دىنىدىن قايتمىغان) ئىنسانلارغا:

ـــ ئۆزەڭنى (ئوتقا) تاشلا! ـــ دېيىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تاشلاشتى. نۆۋەت قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايالغا كەلگەندە، ئايال ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى، قۇچاقتىكى بالىسى ئۇنىڭغا:

ـــ ئى ئانا! جۈرئەتلىك بول، چۈنكى سەن ھەق يولدا ـــ دەپ نىدا قىلدى (شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالمۇ بالىسى بىلەن بىرگە ئوتقا سەكرىدى).[①]

شۇنىڭدەك، ئىسلام شەرىئىتىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىقى، پۇرسەت چىققان ھامان الله نىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ھەمدە ئىماننى مۇستەھكەملەيدىغان ۋە ئەقىدىنى كۈچەيتىدىغان پاكىتلار بىلەن بالىلارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرۇشى ۋاجىبتۇر. الله قا بويسۇنۇشتا ۋاجىب بولىدىغان، مۇباھ بولىدىغان، دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى بالىنىڭ ئوچۇق تونۇۋېلىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىغا ساپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا سۈزۈك ئىمان پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىشكە كۈچ چىقىرىشى لازىم. بالا ساغلام ئەقىدە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەندە، بىرەر شەك-شۈبھە سەۋەبلىك تەۋرىنىپ قالمايدۇ ۋە ھەرخىل پىتنە-ئىغۋالارغا ئەگىشىپ كەتمەيدۇ.

---

① مۇسلىم توپلىغان.

## ئىككىنچى، بالىنىڭ ئىبادەت تەربىيىسىدىكى ھەققى

ئىبادەت تەربىيىسى ــ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىبادەتلەر ئۈستىدە تەربىيىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاشكارا ئىبادەتلەر ــ ئىبادەتلەر ئىچىدىكى نامازغا ئوخشاش بەدەن ئارقىلىق قىلىنىدىغان، زاكات ۋە سەدىقىگە ئوخشاش مال بىلەن قىلىنىدىغان ھەمدە ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش مال ۋە بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. يوشۇرۇن ئىبادەتلەر ــ اﷲ تىن ھايا قىلىش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە اﷲ قا تەۋەككۇل قىلىش... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ بۇ ئىبادەتلەر ئۈستىدە تەربىيىلىنىشى، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشى ۋە بۇ ئىبادەتلەرنى شېرىكى بولمىغان يېگانە اﷲ قىلا قىلىشى ــ بالىنىڭ ئىبادەت تەربىيىسىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت ــ اﷲ ياخشى كۆرىدىغان، اﷲ رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان نامدۇر».

ئىبادەت ئەقىدە بىناسىنى مۇستەھكەملىگۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىبادەت ئەقىدىنى ئۆز روھى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

دوكتور مۇھەممەد نۇر ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد مۇنداق دېگەن: «بالىلىق دەۋر ــ تەكلىپ قىلىنىش باسقۇچى بولماستىن، بەلكى بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن ھامان پەرز، ۋاجىبلارنى ئادا قىلىشقا ئاسان بولۇشى، ھايات قايناملىرىغا تولۇق ئىشەنچ ۋە دادىل قەدەم بىلەن چۆكۈپ كىرىشكە تەييارلىق ھالەتتە بولۇشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، چېنىقىش ۋە

ئادەتلىنىش باسقۇچىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەت بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، ئىبادەت بالىغا الله تائالا بىلەن بولغان ئالاقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە بالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى تۇرلۇك ئەنسىزلىكلىرىنى تۈگىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ غەزەپلىنىش خاراكتېرىنى تىزگىنلەپ نورمال ۋە مۇكەممەل ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ باسقۇچتىكى قىزىقىشلار بالىنى الله بىلەن كۆپ مۇناجاتلىششقا ئۈندەپ، ئۇنىڭدا الله تىن قورقۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ناۋادا ئۇ بالا بىرەر ئايەتنى تىلاۋەت قىلسا ياكى ئاڭلىسا، شۇ ھامان نامازغا تۇرۇپ الله قا سەجدە قىلىدۇ؛ روزا تۇتقان بولسا، ئىپتار قىلىش ئەزانىنى ئاڭلىغان ھامان ئىپتار قىلىش ئۈچۈن تائام يېيىش ياكى ئىچىملىك ئىچىشكە ئالدىرايدۇ. بۇ يەردە ئىبادەتنىڭ بالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سان-ساناقسىز سىرلىرى بار. مانا بۇ سىرلار — بالىنىڭ جاسارىتى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ھەمدە بالىدا كۆپلىگەن ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ».[①]

ئىبادەت بۇ دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم بولغاچقا، بالىنىڭ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىدىغان ياشقا يەتكەندە بۇ ئىبادەتلەرنى ئۆز يولىدا ئادا قىلالىشى ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭ ئىبادەت تەربىيىسىدىكى ھەقلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغان.

### ❖ ناماز

بالىنى ناماز ئوقۇتۇش ئاساسىدا تەربىيىلەش، ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش، ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش، نامازنىڭ

---

[①] ياسىن ئىبنى مۇھەممەد ھەسەننىڭ «رسالة الصلاة في حياة الإنسان» ناملىق كىتابى 173- بەت.

پەزىلىتى ۋە نامازغا بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋابنى دائىم بايان قىلىپ بېرىش ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْإِنْسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا۝ إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا۝ وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا۝ إِلَّا الْمُصَلِّينَ۝ الَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ۝﴾ «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى [19]. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر [20]. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر [21]. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر [22ـ23]»①.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا توغرا رەۋىشتە تاھارەت ئېلىشنى، تاھارەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشىمۇ ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلار تۇنجى قېتىم بالىسىغا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگەتمەكچى بولغاندا، تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆگەتسە بولىدۇ: ئەگەر بۇ ۋاقىت ياز پەسلى بولسا، سوغۇق سۇ ئىشلىتىشى؛ ئەگەر قىش پەسلى بولۇپ قالسا، ئىسسىق سۇ ئىشلىتىشى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا بالا تاھارەت ئېلىشنى يامان كۆرۈپ قالمايدۇ. بالىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلىشىش ــ بىرەر ھۆكۈم پايدا-زىيانغا ئالاقىدار بولۇپ قالغاندا، ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبلاردىندۇر. بۇنىڭدىن الله تائالانىڭ ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەرقانداق ئىشتىن ئىلگىرى ئىبادەتكە، بولۇپمۇ

① سۈرە مائارىج 19- ئايەتتىن 23- ئايەتكىچە.

نامازغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ اللە نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانلىق بولىدىغانلىقىنى بالىلىرىغا ئۆگىتىشى ھەم ــ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ۞ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر [162]. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللە قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن> [163]» ①.

بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە قىزىقتۇرۇلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن»②. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا۞ وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى [54]. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى [55]»③. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن)

---

① سۈرە ئەنئام 162 ـ ۋە 163 ـ ئايەت.

② سۈرە تاھا 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە مەريەم 54 ـ ۋە 55 ـ ئايەت.

ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر»① دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مروا أولادكم بالصلاة وهم أبناء سبع سنين، واضربوهم عليها، وهم أبناء عشر، وفرقوا بينهم في المضاجع» «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى ئايرىۋېتىڭلار».②

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىغا تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، ئۇنى نامازنى تەرك ئېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشى ــ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. الله تائالا نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ۞ إِلَّا أَصْحَابَ الْيَمِينِ ۞ فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءَلُونَ ۞ عَنِ الْمُجْرِمِينَ ۞ مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ ۞ قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ ۞ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ ۞ وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ الْخَائِضِينَ ۞ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ الدِّينِ ۞**﴾ «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر [38]. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۇئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا [39]. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: <سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟> دەپ سورايدۇ [40-42]. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: <بىز ناماز ئوقۇمىدۇق [43]. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق [44]. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق [45]. قىيامەت كۈنىنى

① سۈرە لوقمان 17 ـ ئايەت.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئىنكار قىلاتتۇق [46]>» [1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾ «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» [2].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن بين الرجل وبين الشرك والكفر ترك الصلاة» «مۇسۇلمان بىلەن شېرىك ۋە كۇپۇر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئېپادىلىنىدۇ». [3] پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «العهد الذي بيننا وبينهم الصلاة، فمن تركها فقد كفر» «بىز بىلەن كاپىرلار ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە (يەنى ئوقۇمىسا)، كاپىر بولىدۇ». [4]

بالىنى جامائەت نامازلىرى ۋە جۈمە خۇتبىلىرىگە قاتنىشىشقا ئادەتلەندۈرۈش، بالىغا شۇ كۈندە ئەڭ چىرايلىق كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىش، خۇشپۇراقلارنى ئىشلىتىش، مىسۋاك سېلىشنى ئۆگىتىش ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە سالام بېرىپ ئۇلار بىلەن تونۇشۇش، مەسجىد ۋە نامازنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، نامازنىڭ ۋە جۈمە كۈنىدىن ئىبارەت (ئىسلامنىڭ) شوئارىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن كەمتەر بولۇشنى ئۆگىتىش ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر.

بالىنىڭ ئەزان كەلىمىلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنى تەكرارلاپ تۇرۇشى، ناماز ۋە ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرگە ئوخشاش بىر قىسىم

[1] سۈرە مۇددەسسىر 38- ئايەتتىن 46- ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مەريەم 59- ئايەت.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان.

زىكىرلەرنى يادقا ئېلىشى ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك، ئاتا-ئانىلار بالىسى ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنى كېچىلىك نەپلە نامازلارنى، پەرزگە ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇلىدىغان راۋاتىب سۈننەتلەرنى (پەرز نامازلارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلارنى)، چاشگاھ نامىزى، ۋىتىر نامىزى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا نامازلارنى ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشى لازىم.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە خۇشاللىنىشى، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن تونۇشۇۋېلىشى ۋە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ھەمدە بالىلىرىنىڭ «تقبل اللّٰه منا ومنكم»[1] دېگەن دۇئا بىلەن تەبرىكلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى ھېيت نامىزىغا بىرگە ئېلىپ بېرىشىمۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

شەيخ رىزا سەمەدى مۇنداق دېگەن: «بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ بالىلارنىڭ قەلبلىرىگە مەسجىدنى ياخشى كۆرۈشنى مۇستەھكەم ئورنىتىش ۋە ۋۇجۇدىدا مەسجىدكە بولغان مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن دائىم خىزمەت قىلىشتۇر.

بالىلارنى مەسجىدكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، مەسجىدتىكى ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق بالىلارغا ئىللىق ۋە ئازادە مۇھىتنى ھازىرلاپ بېرىش ھەمدە باشقىلارمۇ بالىلارنىڭ مەسجىدتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا سەۋر قىلىپ، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

بالىلىق چاغلىرىمدا دائىم مەسجىدكە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىم، شۇ چاغلاردا بەزى چوڭ كىشىلەرنىڭ بالىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش

---

[1] تەرجىمىسى: اللّٰه بىز ۋە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن!

ئۇچۇن ئۇلارغا ۋارقىرىغان، ئۇلارغا ئاچچىقلاپ مەسجىدتىن قوغلىغانلىرى پەقەت ئىبىسىمىدىن چىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەسجىدكە كېلىدىغان ئۇ باللارنىڭ كۆپ قىسمى الله نىڭ ئۆيىگە ئۆزلىرىنىڭ ساغلام قەلبى ئىنتىلگەنلىكتىن، سالىھ كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلىكتىن مەسجىدكە كەلگەن باللار ئىدى.

باللارنى چەكلەش ۋاستىلىرى بەزىدە الله نىڭ يولىدىن توسۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر الله تىن قورقىسۇنكى، بەزىدە بالا شۇ سەۋەبتىن مەسجىدنى ۋە مەسجىدتە ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەسجىدتە كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە داۋالاش قىيىن بولغان روھىي جاراھەت شەكىللىنىپ قالغان.

شۇنى تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، ئەقلى يېتىلىپ بولمىغان باللارنى دائىم مەسجىدكە ئېلىپ كېلىش سۈننەت ئەمەس، بەلكى ئاربلاپ-ئاربلاپ ئېلىپ كېلىش مۇستەھەبتۇر. ئەمما ئەقلى مۇكەممەل يېتىلىپ بولغان باللارنى مەسجىدكە ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارغا مەسجىدنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئەسكەرتىش ۋە ئۆگىتىش ۋاجىب بولىدۇ». [1]

### ❖ زاكات

بالىنىڭ پەرز زاكاتنى ئادا قىلىش ۋە الله يولىدا مال چىقىم قىلىش جەھەتتىن تەربىيىلىنىشمۇ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلار

[1] «٣٠ طريقة لخدمة الدين» 289- ۋە 290- بەتلەر.

بالىسىنى ئۆزىنىڭ كۆندىلىك خىراجىتىدىن ئاشقان ئارزاق نەرسە بىلەن بولسىمۇ مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ، سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بېرىشى، بالىسىنى مىسكىنلەر بىلەن كۆرۈشتۇرۇپ، ئۇلارغا (بالىلىرىغا) مىسكىنلەرنىڭ يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرسىتىش ئارقىلىق زاكاتنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈشنى ئەمەلىي ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىسىنى چوڭ بولغىنىدا زاكاتنى ئادا قىلىشقا سەل قاراپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ زاكاتنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقانلارنى جەھەننەمدىكى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما من صاحب ذهب، ولا فضة، لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة صفحت له صفائح من نار، فأحمي عليها في نار جهنم، فيكوى بها جنبه، وجبينه، وظهره، كلما بردت أعيدت له في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة، حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله، إما إلى الجنة، وإما إلى النار» «ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەت كۈنى مۇددىتى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، الله بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن-كۈمۈش (لىگەندەك) كەڭ قىلىنىپ، جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ بىقىنى، پېشانىسى ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ سوۋۇپ قالغان ھامان ئوتتا قايتا قىزىتىلىپ تۇرۇلىدۇ».[1]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

بالىنىڭ مىسكىنلەرگە مىننەت قىلماسلىقى ۋە ئۇلارغا ئازار يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز بىلەن ئەزىيەت بەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىغا سەدىقە قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشىمۇ ـــ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ بالا الله نىڭ قوبۇل قىلىشىغا دۇئا قىلغان ھالەتتە الله رازىلىقى ئۈچۈنلا سەدىقە قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى كَالَّذِي يُنْفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لَا يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِمَّا كَسَبُوا وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[①].

ئايەتتىكى «**المن**» دېگەن سۆز ـــ ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىپ، سەدىقە قىلغۇچىغا ئۆزىنىڭ قىلغان سەدىقىسىنى سۆزلەش ۋە ساناپ بېرىش دېگەنلىكتۇر.

ئايەتتىكى «**الأذى**» دېگەن سۆز ـــ سەدىقە قىلىنغۇچىنى ھاقارەت قىلىش، كەمسىتىش ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تىل تەگكۈزۈش ئارقىلىق

[①] سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۇشۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش دېگەنلىكتۇر.

❖ روزا

روزا روھىي ۋە جىسمانىي ئىبادەت بولۇپ، بالا روزا ئارقىلىق الله قا ھەقىقىي ئىخلاس قىلىشنى ۋە مەخپىي ھالەتلەردىمۇ الله نىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئارقىلىق تەربىيىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، نەپسىنى كونترول قىلىشقا، سەۋرچان ۋە چىدامچان بولۇشقا ئادەتلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىنىڭ مانا بۇ بۈيۈك ئىبادەت ئۈستىدە تەربىيىلىنىشى ئىسلام شەرىئىتىدىكى بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. بالىنى روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۇرۇش روزىنىڭ بالىغا پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ، چۈنكى كۆپچىلىك ئالىملار بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ روزا تۇتۇشىنى ۋاجىب ئەمەس دەپ قارايدۇ. بالىنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش ۋە ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بالىنى بۇ ئىبادەت ئۈستىدە تەربىيىلەش كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىسىغا ئايەت، ھەدىسلەردىن رامىزان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[1] دېگەن سۆزىنى ۋە ﴿**شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ**﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت

---

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر»[1] دېگەن سۆزىنى ھەمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «من صام يوما في سبيل اللّٰه بعد اللّٰه وجهه عن النار سبعين خريفا» «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق يىراق قىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى ئۆگىتىشى لازىمدۇر.

بالىنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى نەپلە روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش ياخشىدۇر. شۇنداق بولغاندا روزا بالىنىڭ جىسمانىيىتىگە ئېغىر كەلمەيدۇ. ئەگەر بالا تولۇق بىر كۈن روزا تۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە، يېرىم كۈن روزا تۇتۇپ تاماق يەۋېلىپ، ئاندىن كېيىن كۈن ئولتۇرغۇچە روزىسىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. روزا تۇتۇش پەرز بولىدىغان يېشىغا يەتكەندە ئۇنىڭ روزا تۇتۇشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، تولۇق بىر كۈن روزا تۇتۇشقا كۆنۈپ بولغۇچە شۇنداق قىلسا بولىدۇ.

بالىنىڭ روزىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ئۈستىدە تەربىيىلىنىشى — بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الصوم جنة، فإذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث و لا يجهل، وإن امرؤ قاتله أو شاتمه فليقل: إني صائم» «روزا — دوزاختىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر. سىلەردىن بىرەرسىڭلار روزا تۇتسا سەت گەپ قىلمىسۇن، جېدەللەشمىسۇن. ئەگەر بىراۋ تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا ، ئۇ كىشى <مەن روزىدارمەن> دېسۇن».[3]

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېپتار قىلىشقا ئالدىراش ۋە سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىنى بايان قىلىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئائىلىدىكىلەر ئەزاننى ئاڭلىسا، ھەممەيلەن ھۆل

[1] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خورما ياكى قۇرۇق خورما ۋە ياكى سۇ بىلەن ئىپتار قىلىشى ھەمدە ئىپتار قىلغاندا بالىنىڭ ئىپتار قىلىش دۇئاسىنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىپتار قىلىش دۇئاسىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشى ياخشىدۇر.

سەلەف-سالىھلىرىمىز (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بالىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەقلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە رۇبەيىئ بىنتى مۇئەۋۋىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى كىتابلىرىدا نەقىل قىلغان: «أرسل رسول اللّٰه ﷺ غداة عاشوراء إلى قرى الأنصار التي حول المدينة: ‹من كان أصبح صائما فليتم صومه ومن كان أصبح مفطرا فليتم بقية يومه›، فكنا بعد ذلك نصومه، ونصوم صبياننا الصغائر منهم، ان شاء اللّٰه، ونذهب بهم إلى المسجد، فنجعل لهم اللعبة من العهن، فإذا بكى أحدهم على الطعام، أعطيناها إياه عند الإفطار» «پەيغەمبەر ﷺ ئاشۇرا كۈنى ئەتىگىنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسارىلارنىڭ مەھەللىلىرىگە: ‹كىمكى روزا تۇتقان بولسا، روزىسىنى تاماملىسۇن. كىمكى روزا تۇتمىغان بولسا، كۈنىنىڭ قالغىنىنى بىر نەرسە يېمەي كەچ قىلسۇن!› دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتاتتۇق، كىچىك بالىلىرىمىزغىمۇ روزا تۇتقۇزۇپ، مەسجىدكە ئېلىپ باراتتۇق ۋە ئۇلارغا (يەنى كىچىكلەرگە) يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق. ئەگەر بىرەرسى ئىپتارغا يېقىن تاماق يەيتتىم دەپ يىغلىسا، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇقنى بېرەتتۇق».[1]

رامىزان ئېيىدا بىر مەست ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىگە ئاچچىقلىنىپ ۋە ئۇنى تەنقىدلەپ: «رامىزاندا ھاراق ئىچتىڭمۇ، ئىست

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سېنىڭ ھالىڭغا! كىچىك بالىلىرىمىزمۇ روزىدار تۇرسا؟!» دېگەن.

❖ ھەج ۋە ئۆمرە

ھەج ۋە ئۆمرە ــ بالىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە خاراكتېرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان سەپەرلەردۇر. شۈڭلاشقا، بالا ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ سەپەر خۇددى كۆڭۈل ئېچىش يۇرۇشىگە ئوخشاش بالىنى ئىمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. چۈنكى، بالا بۇ سەپەردە تەلبىيە ئېيتقۇچىلارنىڭ تەلبىيىلىرىنى، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دۇئالىرىنى، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى ۋە سورىغۇچىلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئاڭلايدۇ. مانا بۇلار الله نىڭ ئىزنى بىلەن بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى بالىنى بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتتىكى ھەققىدىن مەھرۇم قويمىغان. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس كەلگەن: بىر ئايال كىچىك بالىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: «‹يا رسول اللَّه، ألهذا حج؟› قال: ‹نعم ولك أجر›» «‹ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بالام ھەج قىلسا بولامدۇ؟› دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بولىدۇ، شۇنداق قىلسا، ساڭىمۇ ساۋاب بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن».[①]

ئەگەر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشقا تاقىتى يەتمىسە، ھەج ياكى ئۆمرىدىن قايتقان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلغاندا بالىسىنى بىرگە ئېلىۋالسا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، بالا خۇشال بولىدىغان، تەسىرلىنىدىغان ۋە ئىمانىنى چىڭىتىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ ھەمدە «كاشكى، مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋالغان ۋە زەمزەم سۈيىدىن

① مۇسلىم توپلىغان.

ئىچىپ، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرگەن بولسامچۇ!» دەپ ئارزۇ قىلىدۇ.

دادا بولغۇچى ھەج قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن، ھەج مەۋسۇملىرىدا بالىسىغا ھاجەر بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىشى لازىم. بۇنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭدۇر، چۈنكى ئاتا ـ ئانىلار بۇ قىسسىدىن چىقىدىغان پايدا ۋە ئىبرەتلەرنى بالىسىغا سۆزلەپ بەرگەندە، بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەج ئىبادىتىنىڭ چۈشەنچىلىرى مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ.

بالا مۇشۇ يول ئارقىلىق بۇ ئىبادەتلەر ئۈستىدە تەربىيىلەنگەندە، ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەتتىكى خىسلەتلىرى كىشىلەرگە ياخشى بولغان ئۈلگە ھەم نەمۇنىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بالىنىڭ ھالىتى اللە تائالانىڭ: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»[1] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئىبادەت باغچىسىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا مۇكەممەل رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بالىنىڭ بۇ ئىبادەتلەردىكى شوئارى اللە تائالانىڭ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر [162]. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللە قىلا خالىس

[1] سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەت.

ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن [163]>» ①
دېگەن سۆزى بولىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ ئىبادەت تەربىيىسىدىكى ھەققىنى قوغدىغان ھەمدە بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىبادەتكە باغلىنىپ شۇ ئىبادەتلەرنى گۆدەكلىكىدىن باشلاپلا ئادا قىلىش ۋە ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەندە ھەمدە بۇ ئىبادەتلەردىكى اللە نىڭ ھەققىنى تونۇش ئاساسىدا تەربىيىلەنگەندە، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا شۇ ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ھەرگىز سەل قارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئىبادەت ئۈستىدە تەربىيىلەنگەن بالىنىڭ رەببىگە بولغان باغلىنىشى كۈچىيىدۇ ـ دە، سىز ئۇنىڭ اللە تائالانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن اللە قا بويسۇنۇپ، اللە تىن ھايا قىلىپ، ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

① سۈرە ئەنئام 162 ـ ۋە 163 ـ ئايەتلەر.

## ئۈچىنچى، بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ھەققى

ئەخلاق تەربىيىسى ـــ بالىنىڭ روھىنى گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق پاكلاش، ئۇنى ياخشى ئەدەپ ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە يېتەكلەش ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى يوقىتىش دېگەنلىكتۇر.

بالا ئەقلىگە كېلىپ بىر ئىشلارنى چۈشىنەلەيدىغان بولغاندىن باشلاپلا گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئەدەپ ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشى لازىم. چۈنكى، بۇلار ئىسلام شەرىئىتى تەشەببۇس قىلغان ۋە بەلگىلىگەن بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر.

ئېسىل ئەخلاق ـــ توغرا ئەقىدە ۋە خالىس ئىبادەت ئۇستىدىكى تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك، بالا گۈدەكلىك ۋاقتىدىن باشلاپلا اللە قا ئىمان كەلتۈرۈش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەندە ھەمدە اللە تىن قورقۇش، اللە كۆزىتىپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، اللە قىلا تايىنىش، اللە تىن ياردەم سوراش، كۆڭلى بىئارام بولىدىغان ۋە ئەندىشە قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردا اللە قا تەسلىم بولۇش ئاساسىدا تەربىيىلەنگەندە، ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئېسىل پەزىلەتنى قوبۇل قىلىدىغان تۇغما تالانت، روھىي تەييارلىق ۋە پەزىلەتلىك ئېسىل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىش شەكىللىنىدۇ.

دىنىي چۈشەنچە بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا يىلتىز تارتقان، اللە نىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان، ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ئۇنىڭ پىكرى ۋە پۈتۈن ھېس-تۇيغۇلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا، بالا قەبىھ سۆيەتلەر، جىنايەت ھېسابلىنىدىغان رەزىل ئۆرپ-ئادەت ۋە جاھىلىيەتنىڭ ناچار ئەنئەنىلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياخشىلىققا ئىنتىلىش

ئۇ بالىنىڭ ئادەتلىرىگە: ئېسىل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرگە ئاشىق بولۇش ئۇنىڭ ئەڭ روشەن بولغان ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىگە ئايلىنىدۇ.

ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە دوستلىرى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ۋاستىلىرى بولۇپ، ئائىلە مۇتلەق ھالەتتە مۇشۇ ۋاستىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئائىلە ــــ ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر.

بالىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى توغرىلاش، ئۇنىڭغا قىممەت قاراش ۋە بۈيۈك نەمۇنىلەرنى ئۆگىتىشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رولىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پاك سۈننەتلىرىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الرجل راع على أهل بيته وهو مسؤول عن رعيته، والمرأة راعية على أهل بيت زوجها وولده وهي مسؤولة عنهم» «ئەر كىشى پادىچى، ئۇ ئۆيىدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى، ئۇمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدۇ».[①]

بالىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلىنىشى ــــ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىنساننىڭ ياخشى ياكى ناچار خاراكتېرى تۇغما بولىدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە توغرىلاش مۇمكىن ئەمەس» دەيدىغان كىشىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا پىسەنت قىلمايمىز. بۇنداق تەشۋىقاتلار ــــ شەرىئەت ئىنكار قىلىدىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان، تەجرىبە ۋە رېئاللىق ئىنكار قىلىدىغان ھەمدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى پسىخولوگلار، مائارىپشۇناسلار ۋە ئەخلاقشۇناسلار ئىنكار قىلىدىغان ساختا تەشۋىقاتتۇر.

بۇ ئورۇندا بالىنىڭ قابىلىيىتى ۋە تۇغما تالانتىنى ياخشىلىق

---

[①] بۇخارى توپلىغان.

خىسلەتلىرى ياكى يامانلىق پرىنسىپلىرىغا ئادەتلەندۈرۈش ھەققىدە، ئىمام غەززالى (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ «احياء العلوم الدين» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان مۇنۇ سۆزلىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز: «بالا ئاتا-ئانىسىغا ئامانەت قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبى ــ بىباھا گۆھەردۇر. شۇڭلاشقا، ئەگەر بالا يامانلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە ۋە ئۇنىڭغا چاھارپايلارغا سەل قارالغاندەك سەل قارالسا، ئۇ بالا بەختسىز بولۇپ ھالاك بولىدۇ. بالىنى بۇ ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىش ــ ئۇنى ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشىمىز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ».[1]

الله ئەززە ۋە جەللە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن »[2]. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «يەنى، <سىز بۈيۈك بىر دىنىنىڭ ئۈستىدە، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان يەنە بىر دىن يوق، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر. دېمەك، دىنىنىڭ ھەممىسى ئەخلاقتۇر. شۇڭا، كىمكى ئەخلاقتا سىزدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ دىندا سىزدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ> دېگەنلىكتۇر». سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «كان خلقه القرآن» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەخلاق يۈكسەك مەرتىۋە ۋە شان-شەرەپكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن،

[1] «احياء العلوم الدين» 8- توم 130- بەت.
[2] سۈرە قەلەم 4- ئايەت.
[3] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

قۇرئاندا 1504 ئايەت نەزەرىيە ياكى ئەمەلىي تەرەپتىن ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. مانا بۇ مىقدار قۇرئاندىكى ئايەتلەر سانىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إنما بعثت لأتمم مكارم الأخلاق» «ھەقىقەتەن مەن گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم».[1]

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ ئەخلاقتىكى ھەققىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، بالىلارنى مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، سېخىيلىق، راستچىللىق، ۋاپادارلىق ۋە ھايالىق بولۇشقا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاق ئۈستىدە تەربىيىلەشكە ھەمدە ئۇلارنى يالغانچىلىق، خىيانەتچىلىك، ئەدەپسىزلىك ۋە سەت گەپلەرنى قىلىشقا ئوخشاش ناچار ئەخلاقلاردىن يىراق قىلىشقا ئاتا-ئانىلارنى چاقىرىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەخلاقىنى بالىلىرىنىڭ ئەگىشىش ئۈلگىسى قىلىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قىسسە ۋە تارىخلارنى سۆزلەپ بېرىشى شۇ ھەقلەر جۈملىسىدىندۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «خدمت رسول اللَّه ﷺ عشر سنين فما قال لي: أف قط، ولا قال لي لشيء فعلته: لم فعلته؟ ولا لشيء لم أفعله: ألا فعلته؟ وكان صلى اللَّه ﷺ أحسن الناس خلقا» «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە 10 يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ <ئوھوي> دەپ باقمىدى. ئۇ مەن قىلغان بىرەر ئىشنى <نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلدىڭ؟> دەپ باقمىدى. مەن قىلمىغان بىرەر ئىشنى <بۇ ئىشنى قىلساڭ بولمامدۇ؟> دەپ باقمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ

[1] بەيھەقى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەخلاقلىق كىشى ئىدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ گە تۇنجى ۋەھيي باشلانغاندا، ئۇ قورقۇپ كېتىپ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلگەن. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ گە: «كلا واللّه لا يخزيك اللّه أبدا إنك لتصل الرحم وتحمل الكل وتكسب المعدوم وتقري الضيف وتعين على نوائب الحق» «قورقما! الله سېنى ھەرگىز يامان كۈنگە قويمايدۇ، چۈنكى سەن خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىسەن، ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن ۋە بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن»[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لم يكن رسول اللّه سبابا ولا لعانا ولا فاحشا،كان يقول لأحدنا عند المعاتبة: ‹ما له تربت جبينه›» «پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنى تىللايدىغان، قارغايدىغان ۋە قوپال سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، بىرىمىزگە قاتتىق ئاچچىقلاپ قالسا ‹بۇ شورى قۇرۇغۇرغا نېمە بولغاندۇ؟› دەپلا قوياتتى».[3]

ئىلگىرىكى بايانلارغا ئاساسەن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىدىن يەكۈنلەپ چىققان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نىشانلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقىمىز. بۇ بۇيۈك نىشانلار تۆۋەندىكىچە:

1. الله نى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش.
2. بالىغا ۋە بالىنىڭ ئۇبرازىغا ھۆرمەت قىلىش.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

3. بالىنىڭ قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىنى ياخشىلىق تەرەپكە تەرەققىي قىلدۇرۇش.

4. كۈچلۈك ۋە يارامىلىق بولغان ئىرادىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش.

5. ياخشى ۋە پايدىلىق بولغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش.

6. بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامانلىق روھلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا ياخشىلىق ۋە پەزىلەت روھلىرىنى ئورنىتىش.

ئەخلاق تەربىيىسىدىكى بۇ نىشانلارنىڭ بالىدا ئۆزلىشىشى ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلار بۇنىڭغا سەۋر قىلىشى، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ۋە الله تائالادىن ياردەم سوراپ، الله نىڭ ئۆز رەھمىتى بىلەن بالىنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن الله قا يېلىنىپ دۇئا قىلىشى لازىم (الله تائالا توغرىغا يېتەكلىگۈچىدۇر).

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۈلگە بولۇشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بالىنىڭ ئەخلاقى ھەرگىز ياخشىلانمايدۇ. دېمەك، ئەخلاقسىز ئانىنىڭ بالىسى ھەرگىزمۇ ياخشى پەزىلەتلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ؛ دادىسىدىن كۇفرى سۆزلەر ۋە تىل-ھاقارەتلەرنى ئاڭلايدىغان بالىنىڭ تىل ھالاۋىتىنى ئۆگىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئاتا-ئانىسىدىن دائىم غەزەپلىنىش ۋە ھاياجانلىنىشنى كۆرىدىغان بالىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئانىسى رەھىمسىزلىك ۋە قوپاللىق قىلىدىغان بالىنىڭ مېھىر-شەپقەت ۋە دوستلۇقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەك، بالىغا ئۈلگە يوق ھالەتتىكى تەلىم-تەربىيىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ ۋە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىغا ياخشى ئۈلگە بولۇشلىرى ئۈچۈن الله تىن قورقۇشلىرى لازىم. مانا بۇ ــ

بالىنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا ساھابىلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى، پەزىلەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىك ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەرسىگە ئەگەشمەكچى بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە ئەگەشسۇن. چۈنكى، ساھابىلەر بۇ ئۇممەت ئىچىدىكى قەلبلىرى ئەڭ پاك، ئەڭ ئىلىملىك، تەكەللۇپ قىلىشى ئاز ۋە توغرا يولدا بولغان ئەڭ ياخشى كىشىلەر بولۇپ، اللہ ئۇلارنى پەيغەمبىرىنىڭ سۆھبىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ دىنىنى بەرپا قىلىشقا تاللىغان. شۇڭلاشقا، بۇ ئۇممەت ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى تونۇپ، ئىش-ئىزلىرىغا ئەگىشىش سەۋەبلىك توغرا يول ئۈستىدە بولالىغان».

ئاتا-ئانىلارنىڭ تۆۋەندىكى ئەڭ قەبىھ ئەمەل، ئەڭ پەس ئەخلاق ۋە رەزىل سۈپەتلەرنىڭ بالىلاردا يېتىلىپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشى ۋە دىققەت قىلىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر:

1. يالغانچىلىق.
2. ئوغرىلىق.
3. باشقىلارنى تىللاش ۋە ھاقارەتلەش.
4. ھاياسىزلىق.

دېمەك، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ راستچىل بولۇشىغا دىققەت قىلىشى بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ۋە ۋەدىلىرىدە يالغانچىلىققا كۆنۈپ قېلىۋاتقان، گەپ-سۆزلىرىگە دىققەت قىلمايۋاتقان ۋە جەمئىيەتتە مۇناپىق، يالغانچىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، بالىسى تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىگەندىلا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەق ۋە ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ، بۇنداق ياخشى بولمىغان ئىشلارنى مەڭگۈ قايتا سادىر قىلماسلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا يالغانچى مۇناپىقلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويۇشى لازىم.

ناۋادا ئاتا-ئانىلار بالىسىنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتسە، ئۇنى كۆزىتىش ۋە يول كۆرسىتىشكە سەل قارىسا، شەك-شۈبھىسىزكى، بالا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يالغانچىلىققا ئادەتلىنىدۇ ھەمدە اللە نىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يالغانچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ ئامەنەتدار بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىمۇ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئوغرىلىق يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالسا، گەرچە قېرىنداشلىرىدىن ياكى دوستلىرىدىن پارچە-پۇرات پۇل ياكى قەلەم دېگەندەك ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئوغرىلىغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى تېزلىكتە تەدبىر قوللىنىشى ھەمدە بالىسىغا بۇنداق قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ۋە باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزۈشى، ئەھۋالىنىڭ ۋە ئەخلاقىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا «اللە ھەرۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن ئېتىقاد ۋە اللە تىن قورقۇش روھلىرىنى ئورنىتىشى لازىم.

ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، بالا تەدرىجىي

خىيانەتكە ئۈگىنىپ، ئالدامچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىراق-يېقىندىكى بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان بەختسىز، خىيانەتچى ۋە گۇناھكار بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ تىلىنى ساقلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشمۇ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئېغىزىدىن تىللاش، ھاقارەتلەش سۆزلىرى ۋە سەت، قەبىھ گەپ-سۆزلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندا، بۇنى ھېكمەتلىك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشى ھەمدە ئايىماي تىرىشچانلىق قىلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىنىڭ ناچار سۆزلەرنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ، بالىنى شۇ سەۋەبلەردىن ئايرىۋېتىشى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا مايىل بولۇشى ئۈچۈن، ئېسىل ئەخلاقلىق بالىنىڭ خىسلەتلىرىنى ۋە ئەدەپلىك كىشىنىڭ گۈزەل خۇلقلىرىنى جەلپ قىلارلىق ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلىپ بېرىشى لازىم.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ مەنىۋي تەرەپتىكى ئەخلاقلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشىمۇ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ناخشا-مۇزىكىلارغا بېرىلىۋاتقانلىقىنى، (ئوغۇل بالىنىڭ) سىرتقى قىياپىتىدە ئايال كىشىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە كۆزىنى نامەھرەملەردىن ساقلىمايدىغانلىقىنى سەزگەندە، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ھاياسىز ۋە بوشاڭلىق ئۇستىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەزىدە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىش، بەزىدە تۈزىتىش بېرىش، بەزىدە قىزىقتۇرۇش ۋە يەنە بەزىدە جازالاش ئارقىلىق بالىنىڭ بۇ خاتالىقلارنى تۈگىتىشىگە

قارىتا تەدبىر قوللىنىشى لازىم.

بالىنىڭ بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ ئىسلاھ بولۇپ، پاك تەقۋادارلار سېپىگە قېتىلىشى ۋە سالىھلار جامائىتىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار دائىم الله نىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ھەققىنىڭ خاتىمىسىدە شۇنداق دەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتى ئاتا-ئانىلارنى ھەردائىم ئەخلاقتا بالىسى ئۈچۈن نەمۇنە بولۇشقا، بالىسىنىڭ يۈكسەك نەمۇنە ئىگىسى بولغان پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇممەتنىڭ سەلەفلىرى ھېسابلىنىدىغان ئاۋۋالقى ئەۋلادلار بىلەن بولغان قەلبىي باغلىنىشىغا سەل قارىماسلىققا تەشەببۇس قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىسلام شەرىئىتى ئاتا-ئانىلارنى بالىنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ ھەمدە بالىنىڭ توغرا يول ئارقىلىق ئېسىل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنى بالىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدە يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر خاتالىقنى تىنچ ۋە ھېكمەتلىك يول بىلەن ھەل قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ھەققىگە رىئايە قىلىنمىسا، ئائىلىدە پىتنە ۋە چوڭ پاساتچىلىق يۈز بېرىدۇ ھەمدە ھەقنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن، بالا يۇرت ۋە ئەل-جامائەتكە نىسبەتەن خەتەرلىك بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ-دە، ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭ ناچار ئەخلاقىدىن پاناھ تىلەيدۇ.

## تۆتىنچى، بالىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ھەققى

جەمئىيەت تەربىيىسى — بالىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن، مەيلى ئۇلار ئاتا-ئانىسى، ئوغۇل-قىز قېرىنداشلىرى ۋە بوۋا-مومىسىغا ئوخشاش ئائىلىسىدىكىلەر بولسۇن، ياكى ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانلار، قوشنىلار، دوستلار ھەم ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئائىلە سىرتىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇستىدە تەربىيىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى بالىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ھەققىگە مەسئۇل بولغان. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىغا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق، مېھىر-مۇھەببەت، ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە بىر-بىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

بالىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىچىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدىغان ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇئامىدە ئەدەپلىك بولۇش ئاساسىدا تەربىيىلىنىشى — ئۇنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئەدەپلىك بولۇش، ئەدەپ بىلەن چاقىرىش ۋە ئۆزلىرىنى چاقىرغاندا ئىسىم بىلەنلا چاقىرماستىن، الله تائالانىڭ ﴿وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ «ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن»[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، «ئى ئاتا، ئى ئانا» دەپ چاقىرىشى ئاساسىدا تەربىيىلىشى لازىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله نىڭ ﴿قَوْلًا كَرِيمًا﴾ دېگەن سۆزىنى: «بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرغاندا ـــ ‹يا أبتاه› <ئى ئاتا>، ‹يا أماه› <ئى ئانا> دەپ چاقىرىشىدۇر» دەپ تەپسىر قىلغان.

بالا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يولدا ماڭغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتمەستىن ئۇلارنىڭ يېنىدا ياكى ئازراق ئارقىدا مېڭىشى ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىلگىرى ئولتۇرۇۋالماسلىقى ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاق جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بالىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇتۇش بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. بۇ ـــ بالىغا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە بالىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾ «ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر»[1].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رضي الرب في رضى الوالد وسخط الرب في سخط الوالد» «ئاتا رازى بولسا، رەببىمىز رازى بولىدۇ، ئاتا نارازى بولسا، رەببىمىز غەزەپلىنىدۇ»[2]. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الوالد أوسط أبواب الجنة فإن شئت فحافظ على الباب أو اترك هذا» «ئاتىغا ئىتائەت قىلىش، ئىنسانىنى جەننەتكە

[1] سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئېلىپ كىرىدىغان دەرۋازىلارنىڭ (يەنى سەۋەبلەرنىڭ) ئەڭ ئەۋزىلىدۇر، شۇڭا خالىساڭ ئۇ دەرۋازىنى مەھكەم ساقلىغىن ياكى بۇزۇۋەتكىن».[①]

بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنى تونۇشى — ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان يۇقىرىقىدەك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بالىغا يادقا ئالدۇرۇش ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ.

ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بالىسىنى باشقىلارنى ئاتا-ئانىسى بىلەن قوشۇپ تىللاشتىن توسىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ قوشۇپ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇشتىن ساقلىنىشىنىڭ بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىنى ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلىشى ھەرگىزمۇ بالىنى خورلىغانلىق ياكى ئۇنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىغانلىق ئەمەستۇر. ئاتا-ئانىلار بالىسىغا مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق ۋە يېقىنلىقنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشى لازىم. دېمەك، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بولسا ھەرقانداق ئىشتىن ئىلگىرى بالىسىنىڭ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەم بېرىشتۇر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئاتا-ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قانداق ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىتىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى

---

[①] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ — ئاتا-ئانىلارغا دۇئا قىلىش ۋە الله تىن ئۇلارغا رەھىم قىلىشنى تىلەش بىلەن بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ «ۋە: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن> دېگىن»[1]. يەنە شۇنىڭدەك، بۇ ياخشىلىق — ئاتا-ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش بىلەنمۇ بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إن من أبر البر أن يبر الرجل أهل ود أبيه» «ھەقىقەتەن (ئاتا-ئانىغا قىلغان) ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى — بىر كىشىنىڭ ئاتىسىنىڭ دوستىغا سىلە-رەھىم قىلىشىدۇر».[2]

ئاتا-ئانىلارنىڭ الله چەكلىگەن ئىشلاردا ئىنسانغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بالىسىغا ئۆگىتىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنى الله چەكلىگەن ئىشلارغا بۇيرۇپ قالسا، بالا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمايدۇ. ئەمما، سەييىدىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كاپىر ئاتىسىغا قىلغاندەك، ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋاجىبتۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا: ﴿وَاهْجُرْنِي مَلِيًّا﴾ «ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن»[3] دېگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا: ﴿قَالَ سَلَامٌ عَلَيْكَ سَأَسْتَغْفِرُ لَكَ رَبِّي إِنَّهُ كَانَ بِي حَفِيًّا﴾ «ئىبراھىم ئېيتتى: <ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، الله ماڭا ھەقىقەتەن

① سۈرە بەنى ئىسرائىل 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ سۈرە مەريەم 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مېھرىباندۇر>»[1] دېگەن.

بالىنى چوڭلارغا ئەدەپلىك بولۇش ئاساسىدا تەربىيىلەش، ئۇنىڭغا ئۆزىدىن چوڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ۋە بوۋا-مومىلىرىغا ئوخشاش يېشى چوڭلارنىڭمۇ ھەقلىرىنى تونۇتۇش — بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. خۇددى كىچىكلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشى لازىم بولغاندەك، كىچىكلەرمۇ ھەم چوڭلارغا كەمتەر بولۇشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشى لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش الله تائالانى ئۇلۇغلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «وليس منا من لم يعرف حق كبيرنا ويرحم صغيرنا» «چوڭلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان، كىچىكلىرىمىزگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى كۆرگەن چۈش ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «أراني في المنام أتسوك بسواك، فجاءني رجلان، أحدهما أكبر من الآخر، فناولت السواك الأصغر منهما، فقيل لي: كبر، فدفعته إلى الأكبر منهما» «مەن چۈشۈمدە مىسۋاك ئىشلىتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە مېنىڭ ئالدىمغا ئىككى ئادەم كەپتۇ، ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن چوڭ ئىدى، مەن مىسۋاكنى ئۇ ئىككىسىنىڭ كىچىكىگە سۇنسام، ماڭا: <چوڭىدىن كەلسۇن!> دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى چوڭىغا بەردىم».[3]

چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ

---

[1] سۇرە مەريەم 47- ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كۆرۈشۈش ۋە ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشمۇ چوڭلار بىلەن بولغان ئەدەپنىڭ جۈملىسىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يسلم الصغير على الكبير» «كىچىك چوڭغا سالام قىلىدۇ».[1] چوڭلار سۆز قىلغاندا كەمتەر بولۇش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، بالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشى، ئۇياق ـ بۇياقلارغا قارىماسلىقى كېرەك.

بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس، سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان ئەدەپلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ إذا خرج لحاجته تبعته أنا وغلام منا معنا إداوة من ماء» «پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتكە چىققاندا، مەن بالىلاردىن بىرى بىلەن بىر قاچا سۇنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتىم».[2]

بالىنىڭ ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇش ئاساسىدا تەربىيىلىنىشى ـــ بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇشمۇ ئاتا ـ ئانىلارغا ئەدەپلىك بولۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بالا ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ئېھتىرام قىلىش، كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئالدىراش، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىق، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارغا مېھرىبان بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەتلىنىشكە موھتاجدۇر.

ئالىملار ـــ ئۇممەتنىڭ جان تومۇرى ۋە كىشىلەر ئۈچۈن مەشئەل

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

يورۇتقۇچىلاردۇر ھەمدە ئۈممەتنىڭ بۈيۈك كىشىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدۇر. كىمكى ھىدايەت ئۈستىدە ئۇلارغا ئەگەشسە، نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدۇ؛ كىمكى نادانلىق ۋە كىبىرلىك قىلىپ ئۇلارغا قارشى چىقسا، ئۇ كىشى ئازغۇن ۋە ھالاك بولغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ئالىملار بولمىغان بولسا، ئىنسانلار چاھارپايلارغا ئوخشاپ قالاتتى». الله ئەززە ۋە جەللە ئالىملارنى ماختىغان ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ «الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1]. الله تائالا يەنە ئالىملار بىلەن ئىلىمسىز كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، <بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟>»[2]. الله تائالا ئالىملارنىڭ الله تىن قورقۇشىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[3].

ئىسلام شەرىئىتى ئالىملارغا بۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئاتا-ئانىلارنىڭ الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئالىملار ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بالىسىغا بىلدۈرۈپ قويۇشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ ئوغۇل-قىز قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭدا سادىر

[1] سۈرە مۇجادەلە 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فاتىر 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغان ھەرقانداق بىر خاتالىقنى تۈزىتىپ تۇرۇشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلار بالىسىنى قېرىنداشلىرىنى مازاق قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىشتىن توسۇشى لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (الله نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر»[①].

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرزەنتىنى تەربىيىلەشكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، بالىنىڭ چوڭى كىچىكى ئۈچۈن نەمۇنە بولىدۇ، كۆپىنچە ھالەتتە كىچىك بالا ئۆزىنىڭ چوڭ قېرىندىشىنى دورايدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى بىر تۇغقان قېرىنداشلارنى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇشقا تەشەببۇس قىلغان. ئائىلىدە مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوغۇل-قىز باللىرى

---

[①] سۈرە ھۇجۇرات 11- ئايەت.

ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىشى ــــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا سالام قىلغاندا ۋە بالىلىرى ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا سالاملىشىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە ئائىلىدىكى مېھىر-مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا، ولا تؤمنوا حتى تحابوا، ألا أدلكم على شيء إذا فعلتموه تحاببتم؟ أفشوا السلام بينكم» «سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر-بىرىڭلانى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار!». [1]

بالىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تونۇش ئاساسىدا تەربىيىلىنىشى ــــ بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللە تىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار»[2]. يەنى، اللە قا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق اللە تىن قورقۇڭلار ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە نىسا 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساقلىنىشلار ھەمدە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشلار ۋە سىلە-رەھىمنى ئۇلاشلار!

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا﴾ «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى-سەبىلگە (خەيرى-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّه تعالى خلق الخلق حتى إذا فرغ منهم قامت الرحم، فقالت: هذا مقام العائذ بك من القطيعة، قال: نعم، أما ترضين أن أصل من وصلك، وأقطع من قطعك؟ قالت: بلى، قال: فذلك لك» «شەك-شۈبھىسىزكى، الله مەخلۇقاتلارنى ياراتتى. ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئورنىدىن تۇرۇپ: <بۇ سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، الله : <ھەئە، ساڭا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزۈۋەتسەم رازى بولماسەن؟> دېدى. رەھىم: <ئەلۋەتتە رازى بولىمەن> دەپ جاۋاب بەردى. الله : <ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى> دېدى»[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن، بالا يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ياخشى كۆرۈش، موھتاجلىقتا قالغاندا ياردەم بېرىش، غەم-قايغۇسىغا تەسەللى بېرىش، ئۇلارغا كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇش، ئۇلارنى قوللاش، ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئۈزۈپ قويماسلىق، يىغىلىش ۋە زىياپەتلەرگە ئۇلارنى باشقىلاردىن ئىلگىرى چاقىرىش، ئۇلارغا ياخشىلىقنى خۇشاللىق بىلەن

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 26- ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەتكۈزۈش، ئازارلىنىشىپ قالغاندا تېزلا ئارىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىراش، دەرد-ئەلەم ۋە خۇشاللىقلاردا ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىش ھەمدە ئۇلار بىلەن ئۆزئارا خەت-چەك ئەۋەتىشىپ، تېلېفون ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالاقە ۋاستىلىرىدە ئەھۋاللىشىپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئۇستىدە تەربىيىلىنىشى لازىم.

بالىغا قوشنىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى تونۇتۇش — ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار قوشنىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۇلارغا ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇپ ھۆرمەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشنى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھۆرمەتلەش ۋە ياردەم بېرىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تىگىتىڭلاش ياكى غەيۋىتىنى قىلىشتەك ئىشلارنى قىلماسلىقنى ۋە ئۇلارغا سۆز ياكى قىلىقى بىلەن ئەزىيەت بەرمەسلىك قاتارلىق ئىشلارنى بالىسىغا ئۆگىتىشى لازىم.

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشنىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تەۋسىيە قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما زال جبريل يوصيني بالجار، حتى ظننت أنه سيورثه» «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم».[1]

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

بالا ئۇنىڭ ئۈستىدە تەربىيىلىنىشى زۆرۈر بولغان ۋە ئىسلام شەرىئىتى بالىغا تەشەببۇس قىلغان قوشنىنىڭ ھەقلىرى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

- قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك.
- قوشنىنى يامانلىقتىن قوغداش.
- قوشنىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش.
- قوشنىنىڭ ئەزىيىتىگە مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش.

بالىنى ياخشى دوستلارنى تاللاشقا قىزىقتۇرۇپ، ناچار دوستنىڭ يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش؛ سالىھ دوستلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى پايدىلىرىنى بىلدۈرۈش؛ ئەخلاقسىز ۋە يامان دوستلارنىڭ خەتەرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ئىسلام شەرىئىتى بەلگىلىگەن ھەقلىرىدىندۇر.

«دوست يېنىغا تارتار» دېگەن كىشى توغرا ئېيتقان. ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇش ھەققىدە تۆۋەندىكى بۇ نازۇك ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان شائىرغا الله رەھمەت قىلسۇن!

بۇ شائىر مۇنداق دېگەن:

بىلەي دېسەڭ بىراۋنى ياخشىمۇ-يامان،
سورا ئۇنىڭ دوستىدىن، بولما ھاياجان!
سورىساڭمۇ باشقىدىن، بىلمەس دوستىدەك،
چۈنكى دوستى ئايرىلماس يانىدىن ھەرقاچان.

يەنە بىر ئەسەردە مۇنداق كەلگەن: «ناچار دوستتىن يىراق تۇرغىن،

چۈنكى باشقىلار سىنى دوستۇڭ بىلەن تونۇيدۇ».

ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەققىنى قوغدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ دوست تاللىشىغا ھوشيار بولۇشلىرى لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ﴾ «بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)» [1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «المرء على دين خليله، فلينظر أحدكم من يخالل» «بىر كىشىنىڭ دىيانىتى ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىيانىتىگە قارىتا بولىدۇ، شۇڭا سىلەر دوست بولماقچى بولغان ئادەمگە قاراپ دوستلىشىڭلار!». [2] پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «إنما مثل الجليس الصالح وجليس السوء كحامل المسك ونافخ الكير فحامل المسك إما أن يحذيك (يعطيك) وإما أن تبتاع منه ( أي تشتري منه ) وإما أن تجد منه ريحا طيبة و نافخ الكير إما أن يحرق ثيابك وإما أن تجد ريحا خبيثة» «ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى، ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەڭ، ئۇ ئىپاردىن ساڭا بېرىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن ۋە ياكى سەن ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. ئەمما تۆمۈرچىگە كەلسەڭ، ئۇ ياكى (كۆپلا قىلىپ) كىيىمىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن». [3]

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ دوست-يارەنلىرىنىڭ قانداق كىشىلەر

---

[1] سۇرە زۇخرۇف 67- ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. كىشىلەر ئارىسىدا گۇناھ-مەئسىيەت ۋە ئەخلاقسىز ئىشلارغا كۈشكۈرتىدىغان، دوستلىرىغا يامانلىق ۋە گۇناھ ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان ناچار كىشىلەر بار. كىچىك باللار كۆپىنچە ئىشلاردا دوستلىرىدىن ئۈلگە ئالىدۇ.

ئىلگىرىكى ئالىملار بۇ ھەقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن. شۇڭلاشقا، باشقا كىشىلەرنى بۇ ھەققە سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە بۇ ھەق توغرىسىدا ئېھتىياتچان بولۇشقا تەشەببۇس قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «باللارنى باشقۇرۇپ، ئۇلارنى ئەخلاقسىز كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قوغداشنىڭ سەۋەبى شۇكى، باللارنى ئېسىل ۋە ئالىم كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنى نادان ۋە ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ئوغرىدۇر[①]».[②]

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) يەنە ئىبراھىم ھەربىينىڭ «باللاردا ئەخلاقسىز ئىشلارنىڭ باشلىنىشى بىر-بىرى بىلەن ئارىلىششتىن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلغان.[③]

ئىمام غەززالى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «بالىنى باي-باياشات، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ۋە قىممەت باھالىق پۇزۇر كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەندۈرۈلگەن باللار

[①] ئوغرى باشقىلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى سورىماي ئالغانغا ئوخشاش، ئىنسان باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرمەستىنلا ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ.

[②] «صيد الخاطر» 220- بەت.

[③] «ذم الهوى» 97- بەت.

بىلەن ئارىلىشىشتىن توسۇش كېرەك».[1] دېمەك، باللارنى پەقەت ناچار دوستلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشلا يېتەرلىك بولمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىدىنمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

ئەگەر بالىنىڭ بىرەر ناچار بالا بىلەن ئارىلاشقانلىقى بىلىنسە، دادا ئۇ بالىنىڭ (ناچار بالىنىڭ) ئۆز بالىسىغا سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئەمما بالىسىنى ياخشىلىقا يېتەكلەشتىن ئاجىز كېلىپ ئىمكانىيىتى بولمىسا، دادا بۇ ھالەتتە بالىسىغا بۇنداق دوستلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە ئالدىرىشى ۋە بالىسىغا بۇنداق دوستنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈپ، بالىسىنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشتىن توسۇشى لازىم.

بالىنىڭ ئۇنداق بالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، دادا بۇ ھەقتە ئۇتۇق قازىنالمىسا، ئۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ناچارلىقىدىن باشقىلارنى نەپرەتلەندۈرۈشكە ھەمدە ئۇ بالىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئۇ بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بىلدۈرەلىسە، بۇ ئىشنىڭ ھەل بولۇشى تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى، باشقا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ باللىرىنى ئۇ بالا بىلەن ئارىلىشىشتىن توسىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى قوزغىلىپ بالىسىنى توسۇۋالىدۇ ۋە باشقا باللارغا ئارىلىشىشتىن چەكلەيدۇ.

---

[1] «احياء العلوم الدين» 8- توم 131- بەت.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشى ۋە ياخشى دوستقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ياخشى دوستقا قىلىنىدىغان مۇئامىلە دوستىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلىشىنىڭ بالىنىڭ ھەقلىرىدىن ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر. چۈنكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بالىسىنى خۇشال قىلىدۇ ۋە بالىسى بىلەن دوستى ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ.

پاك ئىسلام شەرىئىتى روھىدىن يەكۈنلەنگەن، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇستەھكەم ئورنىتىشى ۋاجىب بولغان دوست تۇتۇش ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلەر تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلانغان:

• دوستى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە دوستىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىش.

• كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە دىمىدە قىلىش.

• چۈشكۈرگەندە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى، «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ»[1] دېسە، «يَرْحَمُكَ اللَّه»[2] دېيىش).

• ئۇنى الله رازىلىقى ئۈچۈن يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇ چاقىرغاندا بېرىش.

• ھېيت-ئايەملەردە ئۇنى تەبرىكلەش، ھەرخىل بايرام ۋە ياخشى

---

[1] مەنىسى: جىمى ھەمدۇ-سانا الله قا خاستۇر.
[2] مەنىسى: الله ساڭا رەھىم قىلسۇن.

ئىشلاردا ئۇنى مۇبارەكلەش.

- قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم قىلىش.

بالىنىڭ ھايۋاناتلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشى ۋە جانسىز شەيئىلەرنى مىسالغا ئېلىپ تەسىرلەندۈرۈش ئاساسىدا تەربىيىلىنىشىمۇ جەمئىيەت تەربىيىسىدە بىز مۇھىم دەپ قارىغان ھەقلەر جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، ھايۋانات ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللە قا تەسبىھ ئېيتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ مەخلۇقاتىدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ**﴾ «اللە قا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ اللە ھەر (مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر»[①]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دىدۇ: ﴿**تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لَا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ**﴾ «يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللە نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللە نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللە نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر»[②].

بالا پۈتۈن كائىناتنىڭ اللە قا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، ئۇ چەكسىز بەخت-سائادەتكە چۆمىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن جانلىق ۋە جانسىزلارغا خۇشخۇيلۇق، مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن

① سۈرە نۇر 41- ئايەت.
② سۈرە بەنى ئىسرائىل 44- ئايەت.

مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇستاز ئابدۇراھمان نەھلەۋى مۇنداق دېگەن: «كائىناتتىكى بارلىق ئالەمشۇمۇل ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئوخشاشلا اللہ نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىندۇر. ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش ـــ ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، بۇنى بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەدرىجىي يېتىلدۇرۇش ۋاجىبتۇر. بالا شۇ ئارقىلىق رەببىگە بولغان ئىشەنچ ۋە اللہ نىڭ مەخلۇقاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بالا يەنە شۇ ئارقىلىق، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇلۇق، دېڭىز، قايىنام، ھايۋانات، شامال، يامغۇر، قۇرۇقلۇق ۋە گۇلدۇرمامىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولىدۇ».[1]

بالىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى ھەقلىرىنىڭ خاتىمىسىدە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ بۇ ھەقتىكى بارلىق تەلىم ـ تەربىيە ھەقلىرىنى قوغدىغان. ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ياخشىلىشىنى نىشان قىلغان. شۇنداق بولغاندىلا، بالا باشقىلار يامان كۆرىدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قەلبى ئازار يېمەيدۇ ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بالا كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئۇستىدە تەربىيىلەنگەندە، ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمايدۇ.

---

[1] «التربية الإسلامية والمشكلات المعاصرة» 137 ـ ۋە 138 ـ بەت.

## بەشىنچى، بالىنىڭ جىسمانىي تەربىيىدىكى ھەققى

كۆچلۈك مۆئمىنىنىڭ ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا ياخشى ۋە الله قا سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى بالىنىڭ جىسمانىي تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يەنە شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئاجىزلىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىرسىيەت بولۇپ ئۆتۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، دادا بولغۇچىغا ساغلاملىق جەھەتتە ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئايالنى تاللاشنى تەۋسىيە قىلغان.

رامىزان ئېيىدا ئانىنىڭ ھامىلىسىگە بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئانىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش سەۋەبلىك روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بېرىلگىنىدىن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئەھۋالىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئېمىش ھەققىنى قوغدىغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ**﴾ «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم»[①].

شەخسىي تازىلىق ھەرخىل كېسەللىكلەردىن ساقلاپ، بەدەننى ساغلام قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ شەخسىي تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خەتنىسىنى قىلىش، ئۇنى تىرناقلىرىنى ئېلىشقا قىزىقتۇرۇشى ھەمدە يۇيۇنۇش، خۇشپۇراق ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىسمانىي جەھەتتىن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى

① سۈرە بەقەرە 233- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، بالىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، يېتىپ ـ قوپۇش، ساغلاملىق قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى بولغان تۇرمۇش ۋە ساغلاملىق ئادىتىگە ئادەتلەندۇرۇلۇشى — بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ۋە شەرىئەت بەلگىلىگۈچى زات الله يولغا قويغان تەن سالامەتلىككە ئائىت تەربىيە ئۇسۇللىرىنى بالىسىغا ئۆگىتىشى لازىم.

مەسىلەن، تائام يېيىش. بالىنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتۇشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن تائامنى ئاز يېيىشكە ئادەتلەندۇرۇش لازىم. تائامنى كۆپ يېيىش ھەرخىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئاشقازان كۆپىنچە كېسەللەرنىڭ باشلىنىش ئورنىدۇر. بالا تائام يېيىشتىن ئىلگىرى الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاش، يەپ بولغاندىن كېيىن الله قا ھەمدە ئېيتىش، ئوڭ قولى بىلەن يېيىش ۋە ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېيىشكە ئوخشاش ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆگىنىشى لازىم.

ئىمام غەززالى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالىلار تائامنى كۆرگەندە يېيىشكە ئالدىراپ ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىغا تائامنى پەقەت ئوڭ قولى بىلەنلا يېيىش ۋە يېيىشتىن ئاۋۋال <بىسمىللاھ> دېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېيىش ۋە باشقىلاردىن ئىلگىرى تائامغا قول ئۇزاتماسلىقتا ئوخشاش ئەدەپلەر ئۆگىتىلىشى لازىم».[1] ئاتا ـ ئانىلارمۇ شۈبھىدىن خالىي، پاك ۋە ھالال كەسىپتىن بالىلىرىغا تائام تەمىنلەپ بېرىشى لازىم.

---

[1] «احياء العلوم الدين» 8 ـ توم 130 ـ بەت.

تائام يېيىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا قانداق ئولتۇرۇش، ئىچىملىك ئىچكەندە قانداق ئىچىش، ئۇخلىغاندا قانداق ئۇخلاش، شۇ ئىشلاردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن نېمە دېيىش قاتارلىقلار ھەمدە ھاجەتخانىغا كىرىپ-چىقىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر بالىغا ئۆگىتىلىشى لازىم.

بالىنى دائىم شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە قىزىقتۇرۇش — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. دائىم تاھارەت بىلەن يۇرۇش ۋە يۇيۇنۇپ تۇرۇش تەننى ساغلام قىلىپ، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرىدۇ ۋە بەدەننى ھەرخىل كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملىنىشتىن ساقلايدۇ. پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. الله گۈزەلدۇر ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا بۇ — ئاتا-ئانىلار بالىنى پاكىزلىققا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بالىغا ئۆرنەك قىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. بالىغا قانداق غۇسلى قىلىشنى ئۆگىتىشمۇ — بالىنىڭ ھەقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. غۇسلى قىلىشنى ئۆگىتىش — ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرسىنىڭ بالىنى بىۋاستە غۇسلى قىلدۇرۇپ ئۆگىتىشى ئارقىلىق مۇكەممەل بولىدۇ.

ئويناش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشمۇ — بالىنىڭ جىسمانىي تەربىيىسىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بالىلارنىڭ جىسمانىي تەرەپتىن ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تەنتەربىيە مەشىقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش — ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ساغلاملىق ۋاستىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىنىڭ ئويناش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم، چۈنكى بۇنىڭ بالىغا كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. مەسىلەن، بالا بۇ سەۋەبلىك تۇرلۇك روھىي كېسەللىكلەردىن سىرت، خامۇشلۇق ۋە ھۇرۇنلۇق نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان ھەرخىل

كېسەللىكلەردىنمۇ خالىي بولىدۇ.

بالىغا بوكسچىلىق، قىمار ۋە شاھماتقا ئوخشاش ھارام قىلىنغان ئويۇنلارنى ئۆگەتمەسلىك — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئەمما ئاتا-ئانىلار بالىسىنى الله تائالا رۇخسەت قىلغان، جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان تەنھەرىكەت مەشىقلىرىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم.

سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىش قاتارلىقلار بالىغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى تەنھەرىكەت مەشىقلىرىدۇر. بۇ ھەقتە سەييىدىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىرقانچە ئەسەرلەر نەقىل قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من تعلم الرمي ثم تركه فليس مني أو قد عصى» «بىر كىشى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن داۋاملىق مەشىق قىلماي تاشلىۋەتسە، ئۇ كىشى مەندىن ئەمەس ياكى گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ».[①] رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ارموا يا بني إسماعيل فإن أباكم كان راميا» «ئېتىڭلار، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى! ئاتاڭلار مەرگەن ئىدى».[②]

ساھابە كىراملار يۈگۈرۈش، سەكرەش ۋە ئۈنىڭدىن باشقا ھەرخىل تەنھەرىكەت مەشىقلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىب يۈگۈرۈش ماھىرى بولۇپ، ئۇ بىر قېتىم يۈگۈرۈشتە ئات بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ھەججاج بالىلىرىنىڭ مۇئەللىمىگە: «بالىلارغا خەت يېزىشتىن ئىلگىرى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكىن، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە خەت يېزىپ

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

بىرىدىغان كىشىنى تاپالايدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا سۇ ئۈزۈپ بىرىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ» ① دەيتتى.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «سابقت رسول اللّٰه ﷺ فسبقته، حتى إذا أرهقني اللحم سابقني فسبقني فقال: ‹هذه بتلك›» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. مەن سەمرىپ قالغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بۇ ئىلگىرىكىسى بىلەن تەڭلەشتى› دېدى» .② بۇ ھەدىستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ بۇ تۈردىكى تەنھەرىكەتلەرنى شەرئىي قائىدىلەرگە بويسۇنغان ئاساستا ئېلىپ بېرىشىنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

تەنھەرىكەتتە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇستاز تەنھەرىكەت جەريانىدا بالىلارنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالمايدىغان كىيىملەرنى كىيىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ھەدىستە كەلگەن مۇسابىقىلىشىشكە ئوخشاش، قىزلارغا خاس بولغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە تېخىمۇ بەك دىققەت قىلىشى، بۇ ھەقتە ﷲ تىن قورقۇشى ۋە قىزلارنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى باھانە قىلىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، قىزلار ئاشۇ ئادەتلەندۈرۈلگەن ئىشلار ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، شۇنداقلا ﷲ تائالا تەنھەرىكەت يېتەكچىلىرىدىن بۇ قىزلارنى مۇشۇنداق يالىڭاچلىققا ئادەتلەندۈرگەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ.

بالىنى جاپالىق تۇرمۇشقا ۋە ئىرادىسىز بولماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش —

---

① سەيىيد ئابدۇلئەزىمنىڭ «الإشكالية المعاصرة في تربية الطفل المسلم» ناملىق كىتابى 87- بەت.

② ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ ئىشلار بالىنى ئىرادىسىز، ئاجىز، بىپەرۋا كىشىلەردىن يىراق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يىپەك كىيىملەرنى كىيدۈرۈشتىن ساقلىنىش بىلەن روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى، يىپەك كىيىم ئەرلەرگە ھارام بولۇشتىن سىرت، بالىنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؛ شۇنداقلا يەنە بۇ، بالىنى ھۇرۇنلۇق، بىكارچىلىق ۋە راھەت-پاراغەتتىن يىراق قىلىش بىلەن روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى، ھۇرۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق بالىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆپلىگەن يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بالىنى بەدەنگە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. تۆۋەندىكىلەر شۇ ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1. ھەرخىل تۇردىكى ۋە رەڭدىكى تاماكىلارنى چېكىش.

2. ھەرخىل مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش.

3. ئانانىزىم قىلىش (يەنى قولدا لەززەتلىنىش).

4. زىنا قىلىش، بەچچىۋازلىق قىلىش ۋە شەھۋەتنى قوزغايدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش.

5. ھەرخىل مەست قىلغۇچى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش.

6. يات جىنىسلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ھەرخىل روھىي چۈشكۈنلۈككە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش.

7. بەك خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئويناش.

ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كېسەللەردىن قايسى بىرى بالىدا كۆرۈلسە (الله تىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى سالامەت قىلىشىنى سورايمىز!)، بالىسىنى بۇ كېسەللەردىن داۋالاپ سالامەت قۇتقۇزۇۋېلىشتا

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت، بالىنىڭ يېشى ۋە بالىدىكى كېسەلنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ھازىرقى زامان داۋالاش ئىلمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. اللە تائالا ھەرقانداق كېسەلنى شىپاسى بىلەن ياراتقان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لكل داء دواء» «ھەرقانداق كېسەلنىڭ شىپاسى بار».[1] ھەرخىل كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سەھىيە ئورۇنلىرى ئىشلەپ چىقارغان دورا ئوكۇللارنى ئىشلىتىش ياخشىدۇر.

ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىسىغا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، شەخسىي تازىلىق قىلىش شارائىتى، تىنچ مۇھىت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساغلاملىققا ئائىت شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى لازىم.

سۆزىمىزنى بالىنىڭ جىسمانىي تەربىيىدىكى مۇھىم بىر ھەققىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. ئۇ بولسىمۇ، بالىغا شەرئىي دەمىدە قىلىش. بالا بەزىدە سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. تەپسىلىي تەكشۈرگەندە ھەسەت ياكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاتا-ئانىلار بالىسىغا شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان دۇئالار بىلەن دەمىدە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇپ قويۇشى لازىم. پەيغەمبەر ﷺ ھەسەن بىلەن ھۇسەينگە: «إن

---

[1] بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

أباكما كان يعوذ بهما إسماعيل وإسحاق: أعوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ، وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ» «اللە نىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اللە قا سېغىنىپ ھەرقاندق شەيتاندىن، زەھەرلىك ھاشارەتتىن ۋە يامان كۆزدىن سىلەرنى ساقلىشىنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن ئاتائىلار (ئىبراھىم) باللىرى ئىسمائىل بىلەن ئىسھاق ئۈچۈن مۇشۇنداق دۇئا قىلىپ قوياتتى»[1] دېگەن.

بىز ئاخىرىدا شۇنداق ئېيتىمىزكى، جىسمانىي تەربىيىنىڭ ھەق دىنغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان ئەڭ ئالدىنقى سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئاتا ـ ئانىلار ياخشى بىلىشى كېرەك. بۇ ــ باللىنىڭ ۋۇجۇدىغا اللە يولىدا جىھاد قىلىش، ئۇرۇش قىلىش، شىجائەتلىك بولۇش ۋە جەڭلەردە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەش روھلىرىنى ئورنىتىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بالىغا باتۇر قەھرىمان ساھابىلەر ۋە شىجائەتلىك بالا ساھابىلەرنىڭ ھېكايە قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر. بالا جىھاد ئىدالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاندا، جىھاد قىلالايدىغان قۇۋۋەتكە يېتىش ئۈچۈن يەپ ـ ئىچىدۇ ۋە دائىم تەييارلىق قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق اللە نىڭ كەلىمىسى ئالىي بولىدۇ. اللە نىڭ كەلىمىسى شەكسىز ئۈستۈندۇر.

---

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

## ئالتىنچى، بالىنىڭ جىنسىيەت تەربىيىسىدىكى ھەققى

يات جىنسقا قىزىقىش الله تائالا ئىنسان تەبىئىتىگە پۈتۈۋەتكەن تۇغما خاراكتېر بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك يەر يۈزىدە ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ. دېمەك، ئايال كىشى ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئەر كىشىگە قىزىقىدۇ ۋە ئەر كىشىمۇ ئايال كىشىگە قىزىقىدۇ. ئەگەر الله تائالا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا نىكاھنى يولغا قويمىغان بولسىدى، يەر يۈزى پاساتچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىققا توشۇپ كەتكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە رەزىللىك ۋە زىنا پاھىشىلەر يامراپ كەتكەن بولاتتى.

ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپلىگەن يامان غەرەزلىك كىشىلەر ناخشا-مۇزىكا، شەھۋانىي فىلىم ۋە ھەرخىل ئەخلاقسىزلىققا دائىر گېزىت-ژۇرناللاردىن ئىبارەت ئاقماس ئەرزان ماتالىرىنى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا بازار تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئىنساندىكى يات جىنسقا قىزىقىش خاراكتېرىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ.

شۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمىزكى، بىر قىسىم مۇسۇلمان ياشلىرى بۇ رەزىل قىلتاقلارغا ناھايىتى تېزلا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ دولقۇنلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئاخىرقى ھېسابتا يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولماقتا. (الله تىن بىزنى بۇنداق ئىشلاردىن سالامەت قىلىشىنى سورايمىز!)

بالا ئۆسۈپ يېتىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئۇنىڭدا بالاغەتكە يېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ باسقۇچتا بالا ئۆز-ئۆزىدىن خىجىل بولىدۇ، باشقىلاردىن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ۋە بۇنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلايدۇ. ئەگەر بالا مۇشۇ باسقۇچتا ئۆزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب

بېرىدىغان كىشىنى تاپالمىسا، ئۆزى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ جاۋابىنى ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەخلاقسىز باللار بىلەن دوست بولىدۇ، ئۇ دوستلىرى جىنسىي تۇرمۇشقا ئالاقىدار چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشلارنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۆگىنىپ قويىدۇ. بەزىدە بۇ خىل ئەھۋال بالىنى ئانانىزىم قىلىش (يەنى قولدا لەززەتلىنىش) دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا ئاخىرقى ھېسابتا زىنا ياكى بەچچىۋازلىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھاياسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش يىگىتلىك دەۋرىگە قاراپ كېتىۋاتقان بالىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا، ھەتتا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىگە ناھايىتى خەتەرلىك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئۈممەت ياشلىرىنىڭ ئەھۋالى ھاياسىزلىق، يالىڭاچلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يۈز بېرىۋاتقان سان-ساناقسىز يامان ئىشلار ئىچىدە تۇرسا، ئۈممەتنىڭ ساغلام ئۈممەت بولۇشىدىن يەنە قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن!؟

ئەتراپىمىزدا جىنسىي پاراكەندىچىلىككە دائىر ھادىسىلەر ئىنتايىن كۆپ، تۈرلىرى خىلمۇخىل ۋە ۋاستىلىرى (قاتتىق ئەپسۇسلار بولسۇنكى) يېتەرلىك دەرىجىدە قولايلاشقان. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىرەر كىشى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولسا، بۇنىڭغا ئۇزۇن جەريان ۋە باسقۇچ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئۇ كىشى بۇزۇلۇشنى خالىسا، بۇنىڭغا پەقەت نەچچە سائەت ياكى بىرقانچە مىنۇتلا كېتىدۇ. الله تىن بىزلەرنى توغرا يولغا باشلىشنى ۋە ئىسلاھ قىلىشنى سورايمىز.

بالىدا توغرا بولغان جىنسىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ــ بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، بۇ ئاڭ بالىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان

خاتالىق ۋە ئازدۇرۇشلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ھەقنى بالىلىرىغا ئېنىق ۋە روشەن چۈشەندۈرۈشى ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. دادا جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەش ۋە بۇ ھەقتىكى توغرا بولغان كۆرسەتمىلەرنى ئوغۇللىرىغا ئۆگىتىشنى ھارام دەپ قارىۋالماسلىقى لازىم. دادىنىڭ جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىشى دۇرۇستۇر، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا بۇ ئىش شەرئىي ھۆكۈمگە ئالاقىدار بولۇپ قالسا، بالىسىغا ئوچۇق سۆزلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئەگەر بەزى قىزلار ئانىسىدىن جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا سورىسا، ئانىمۇ ئۇنىڭغا راستچىللىق بىلەن توغرا جاۋاب بېرىشى لازىم. ئەمما بۇ سوئال-جاۋابلار بىر-بىرىدىن قاتتىق ھايا قىلىش ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە بولۇشى كېرەك.

جىنسىيەت تەربىيىسىنىڭ رولى بۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ تۈردىكى تەلىم-تەربىيىدە ئەڭ ياخشى شەرئىي يولغا ئەگىشىشى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنى ساغلام بولغان جىنسىيەت تەربىيىسىدە تەربىيىلىشى ئۈچۈن، ئىسلام شەرئىتى روھىدىن خۇلاسىلىنىپ چىقىرىلغان كۆرسەتمىلەر تۆۋەندىكىچە:

**❖ بىرىنچى، بالىغا ئىجازەت سوراشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆگىتىش**

تەربىيىچى بالىسىغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەتمەكچى ۋە ئۇنى ھەرخىل جىنسىي ئازغۇنلۇقلاردىن يىراق بولغان توغرا يول ئۈستىدە

تەربىيىلىمەكچى بولسا، بالىسىغا ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشى لازىم. بالىنىڭ باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق ئورۇنلارغا رۇخسەت سورىماي كىرىشى ياكى ئاياللارنىڭ ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان جايلىرىغا قارىشى بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ھەۋەسلەرنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا كېيىنچە تېخىمۇ قەبىھ ۋە يامان ئىشلار تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا قۇرئان كەرىمدە ئۈچۈق بايان قىلىنغان ئىجازەت سوراش ۋاقىتلىرىنى ئۆگىتىشى لازىم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِيَسْتَأْذِنْكُمُ الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ وَالَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ مِنْكُمْ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ مِنْ قَبْلِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُمْ مِنَ الظَّهِيرَةِ وَمِنْ بَعْدِ صَلَاةِ الْعِشَاءِ ثَلَاثُ عَوْرَاتٍ لَكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌ بَعْدَهُنَّ طَوَّافُونَ عَلَيْكُمْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ۞ وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنْكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، الله سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [58]. كىچىك بالىلىرىڭلار

بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، اللّٰه ئايەتلىرىنى (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ. اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [59]»[1].

• بىرىنچى ۋاقىت، بامدات نامىزىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىت. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر تۆشەكلىرىدە ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ.

• ئىككىنچى ۋاقىت، چۈش ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بەزىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالىدۇ.

• ئۈچىنچى ۋاقىت، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنكى ۋاقىت. بۇ ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتىدۇر.

بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن ۋە ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى بىلمەيدىغان باللار بۇ ئۈچ ۋاقىتتا رۇخسەت سورايدۇ. دېمەك، بۇ ۋاقىتلاردا باللار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

باللار ئەقىل ۋە بالاغەت يېشىغا يېتىپ قالغاندا، تەربىيىچى ئۇلارغا اللّٰه تائالانىڭ ﴿وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنْكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ﴾ «كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن»[2] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش يۇزىسىدىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشى لازىم.

[1] سۈرە نۇر 58-، 59- ئايەتلەر.
[2] سۈرە نۇر 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بالا بىلمەستىن ئاتا-ئانىسى ئارام ئالىدىغان ئۆيگە كىرىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئاندىن سىرتقا چىقىپ كىچىك دوستلىرىغا كۆرگەن ئىشىنى سۆزلەپ يۈرسە، بۇ نىمىدېگەن نومۇس ۋە سەتچىلىك-ھە؟! ئەگەر بۇ كۆرۈنۈش بالىنىڭ زېھنىدىن ئۆچمەي كاللىسىدا بۇ مەنزىرىنى خىيال قىلىپ يۈرسە، بالا قانچىلىك گاڭگىراپ قالار-ھە؟!

دېمەك، بالا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بۇ كۆرۈنۈش بەزىدە شۇ بالىنىڭ ئەخلاقسىز باللارغا ئەگىشىشىگە ۋە ئۇلارنى دورىشىغا، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا پۈتۈنلەي يولدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىغا نىسبەتەن ئىجازەت سوراشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز. مانا بۇ يۈكسەك ئەدەپ-ئەخلاق يوقالغاندا، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە شەھۋانىيلىق ئىشىكلىرى بالىغا ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن ياكى بىلىپ-بىلمەي ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى پىتنىلەر دۇنياسىغا ئاتىدۇ.

بۇ ئەدەپ بالىنى ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، ھەمشىرىسى ياكى ھامىلىرىنىڭ يېنىغا ئىجازەتسىز كىرىشتىن چەكلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ مەھرەملىرىنىڭ ھەققى قوغدىلىدۇ. دادا ياكى ئائىلە ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى باللارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ قويۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلىش باللارنىڭ كىرمەسلىكىگە بەلگە بولىدۇ. بىر ئىشنى چۈشەنمەيدىغان ياكى ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ئۆگىتىلمىگەن بالىنىڭ ھەرقانداق ھالەتتە ئىشىكى تاقاپ قويۇلغان ئۆيگە كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، بالا بۇ ئارقىلىق ئىشىكى تاقالغان ئۆيگە ئىجازەت سوراپ كىرىشكە

ئادەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر بالا بىرەر قېتىم ئىشىكنى چەكمەي كىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆيگە ئىجازەت سوراپ كىرىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ (بالا) قايتا ئىشىكنى چېكىپ كىرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إذا استأذن أحدكم ثلاثا فلم يؤذن له فليرجع» «بىرىڭلار ئۈچ قېتىم ئىجازەت سوراپ، ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئىجازەت بېرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن»[1].

### ❖ ئىككىنچى، بالىنى نامەھرەملەرگە قارىماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ يات جىنىسنىڭ يامان تەسىرلىرىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولۇشلىرى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا الله تائالا ھارام قىلغان ھەرقانداق نەرسىلەرگە قارىماسلىقنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى سىڭدۈرۈشى لازىم، چۈنكى ھارامدىن كۆز يۇمۇش الله نىڭ بۇيرۇقىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ﴾ «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار [30]»[2].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كتب على ابن آدم نصيبه من الزنا مدرك ذلك لا محالة: العينان زناهما النظر ...» «ئادەم بالىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسى پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى قىلماسلىققا چارىسى بولمايدۇ. ئىككى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە نۇر 30- ئايەت.

كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر...».[1]

دېمەك، ھارامغا قاراش قەلبتىكى يوشۇرۇن ھەۋەسنى قوزغايدۇ، بالىنى شەھۋانىي خىياللارغا مەپتۇن قىلىپ، ئۇنى تۈرلۈك غەم-قايغۇلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئەگەر دىندار بالا ھارامغا قاراپ قالسا، ئۇنىڭ غەم-قايغۇسى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ، چۈنكى ھارامغا قاراش بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

باشلىنىدۇ يامانلىق ھارام ئىشقا قاراشتىن،
خۇددى كاتتا يانغىنمۇ باشلانغاندەك ئۇچقۇندىن.
نۇرغۇنلىغان قاراشلار مىسالىدۇر بىر ئوقيا،
ساھىبىنىڭ قەلبىنى مەجرۇھ قىلار قايتىدىن.

نامەھرەمگە قاراشلار كۆزنى خۇرسەن قىلسىمۇ،
تۈيدۇرماستىن ئىنساننى كېسەل قىلار روھىدىن.
قارىمىغىن شۇڭلاشقا ھارام ئىشقا سەن پەقەت،
ئاقىۋىتى بەك يامان بىلسەڭ تېگى-تەكتىدىن.

شۇڭلاشقا، ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنتلىرىنى ھارامغا قارىماسلىق ئاساسىدا تەربىيىلەش — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ۋاجىب بولغان ھەقلىرىدىندۇر. ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلىنغان ئەۋرەتنى ساقلاش — كۆزنى ھارامدىن ساقلاش ئاساسىدا ئەمەلىيلىشىدۇ. بالىنىڭ يولغا قويۇلغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتىپ يات جىنسقا مايىل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بالىنىڭ يات ئايالغا قارىشى ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى دۇرۇس ئەمەستۇر.

**❖ ئۈچىنچى، بالىنى شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىللاردىن يىراق**

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## قىلىش

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مۇئمىنىلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار»[1].

«في الظلال» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى شەھىد سەييىد قۇتۇب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىز، ئىسلام جىنسىي

[1] سۈرە نۇر 31 ـ ئايەت.

شەھۋەتلەرنى قوزغىمايدىغان ۋە نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئالدىنقى ئورۇندا قويۇلمايدىغان پاك بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. جىنسىي شەھۋەتنىڭ داۋاملىق قوزغىلىپ تۇرۇشى بېسىقمايدىغان ۋە قانمايدىغان شەھۋانىي ئاچلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خىيانەتكار كۆزلەر، ھېسسىياتنى قوزغىغۇچى ھەرىكەتلەر، جاھىلىيەتچە ياسىنىش ۋە يالىڭاچ بەدەن...لەر شەھۋەت ئوتىنى قوزغاش، نېرۋا ۋە ئىرادىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. دېمەك، جىنسىي شەھۋەتنىڭ داۋاملىق قوزغىلىپ تۇرۇشى تەرتىپسىزلىك ياكى نېرۋا كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھېسسىيات قوزغالغاندىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى ئەمەلىي ئازاب بولغىلى تاسلا قالىدۇ...

كۆپلىگەن كىشىلەر يات ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئۆزئارا قاراش، ئەركىن پاراڭلىشىش، يەڭگىل دەرىجىدىكى ئارىلىشىش، راھەت بېغىشلايدىغان چاقچاقلارنى قىلىشىش ۋە يېتىنە ئورۇنلىرىغا قاراش قاتارلىقلارنى رۇخسەت قىلىنىغان دەپ ئويلاپ، <بۇلار ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە خۇشاللىنىشقا سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە بۇلار ئارقىلىق ئاچچىقلىنىش، روھىي چۈشكۈنلىشىش، جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تىزگىنلىيەلمىگەنلىكتىن نەپسى-شەھۋەتنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ> دەپ قارايدۇ». [1]

«بۇ نەرسىلەر بالىدىكى جىنسىي ھەۋەسنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىدۇ، يات جىنسقا بولغان تەشنالىق، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈش ھەمدە

---

[1] «في الظلال القران» 6- توم 251- بەت.

ئىنتىلىشىنىڭ قىزغىنلىقلىرىنى يوق قىلىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن جىنسىي شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى بالىنىڭ ئالدىدا كەڭ ئېچىۋېتىش — تەلىم-تەربىيە جەھەتتىكى تارقالغان خاتالىقلاردىندۇر.

بۇنداق كىشلەرگە ھەيران قالىمىزكى، چاڭقاپ كەتكەن بىر كىشىنى سۈيى سۈپسۈزۈك ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇ كىشىگە پەقەت ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋە گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشقىلا رۇخسەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ پەقەت سۇ ئىچمەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟!

تومۇز ئىسسىقنىڭ كۈچلۈك ھارارىتى سەۋەبلىك ئۆلەي دەپ قالغان ۋە ئېغىر ھارغىنلىق باسقان بىر كىشىنى ياپيېشىل، بۈك-باراقسان بىر باغچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ باغچىغا قەتئىي يېقىنلاشماسلىقنى قانداقمۇ تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟!

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ ياخشى بىلەنگەن پىچاقنى گېلىغا سۈرۈۋاتقان بىر كىشىدىن، گېلىنى يارىلاندۇرماسلىقنى قانداقمۇ تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟!

ئۇلارنىڭ بالىلارنىڭ ئىرادە ۋە تۇيغۇلىرىغا سەل قارىشى قانداق بولۇپ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندۇ؟!

ئۇلار گازلىق يېقىلغۇلارنىڭ يېنىغىلا ئوت يېقىپ قويۇپ، ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، بۇ — ئۇممەت ئۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ بولمايدىغان ۋە ئەخلاق تۈزەلمەيدىغان يوللاردۇر.

ئۇلار ئۆزلىرىچە ھەرقانداق نەرسىنى، ھەتتا الله ئىنسانلاردا ياراتقان

تۇغما خاراكتېرىنىمۇ كونترول قىلالايمىز دەپ ئويلاپ قېلىشقان.

شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قىز-ئوغۇللارنىڭ ئاۋۋال قىلماقچى بولىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش بولىدۇ. ئۇ، بۇ سەۋەبلىك زىنا ياكى بەچچىۋازلىق قىلىدۇ ۋە ياكى جىنسىي جەھەتتىن تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەۋەسنى قاندۇرالمىسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مەھرۇملۇق ئۇنى ساقايماس روھىي كېسەل ۋە چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى پىتنىلەردىن قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى پىتنە يوللىرىنى تولۇق ئېتىۋېتىش ھەققىدە الله نىڭ ئالدىدا سورىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى شەھۋەتنى قوزغايدىغان تۆۋەندىكى ئىشلاردىن يىراق قىلىشى لازىم:

1. ئوغۇل-قىزلارنىڭ بىر ئورۇندا يېتىپ-قوپۇشى.

2. غەربلىك ئاياللارنىڭ ياسىنىشى.

3. شەھۋەتنى قوزغايدىغان سۈرەتلەرنى كۆرۈش ۋە ھاياسىز كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان يوشۇرۇن ئادەت (يەنى قول بىلەن لەززەتلىنىش).

4. يات جىنسلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە يات ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش.

5. سەھنە ئويۇنلىرى، تېلېۋىزور، كىنو-فىلىم، تور ئويۇنى، گېزىت-ژۇرنال ھەممىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل پايدىسىز ۋە زىيانلىق ۋاستىلەر.

ئەگەر بالا خاتا يولغا مېڭىپ بۇ بۇزۇقچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، مانا بۇ — ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ

نەتىجىسىدىندۇر.

دادا بولغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن ساقلىشى لازىم. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ جاھىلىيەت ئاياللىرىدەك ياسىنىشى جىنسىي بۇزغۇنچىلىقنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدۇر. دادا بولغۇچى ئۇ ئىككىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن تاقىتىنى چىقىرىپ تىرىشىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا جەمئىيەتتە چوڭ پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقلار يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دادا قىيامەت كۈنى بۇ بۇزۇقچىلىقلارغا جاۋابكار بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كوچىلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولسا، قەلبلەرنى قان-زەردابلارغا توشقۇزۇۋەتكىلى تاس قالىدىغان ۋە مۇسلىمە ئاياللارنى خىجالەتكە سالىدىغان بۇزۇق سۈرەتلەر سەۋەبىدىن، كىشىنى چۆچۈتۈۋەتكۈدەك ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شەرمەندىچىلىكلەرنى ئۇچرىتىدۇ.

الله تائالا بىزلەرنى بۇ ئاشكارا بۇزۇقچىلىقلار سەۋەبلىك، دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدىكى خارلىقتا، باش ئېگىپ ۋە قورقۇپ ياشاشقا مۇپتىلا قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. پەلەستىندە يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە ئۇممەتنىڭ شۇ ئىشلارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شۇڭلاشقا، بارلىق ئانىلار ۋە قىزلارنى الله تىن قورقۇشقا چاقىرىق قىلىمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقى بالىلىرىنىڭ ئىسلاھ بولغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرى، بەلكى پۈتۈن ئۇممەتنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. ئى ئانىلار، قىزلار! نە تۇغقاندارچىلىق ۋە نە ئەھدىگە رىئايە قىلىش بولمىغان، ھەرقانداق ئەخلاقسىز ئىشلارنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇزۇق چاقىرىقلارنى رەت

قىلىڭلار ۋە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار: ﴿وَلَا تَتَّبِعُوا أَهْوَاءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا مِنْ قَبْلُ وَأَضَلُّوا كَثِيرًا وَضَلُّوا عَنْ سَوَاءِ السَّبِيلِ﴾ «ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار»[1].

شۇڭلاشقا، سىز ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇڭ، زىننەت جايلىرىڭىزنى ئېرىڭىزدىن باشقىسىغا كۆرسەتمەڭ، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ پىتنىنىڭ ئاياللار پىتنىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىڭ! چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ما تركت فتنة على الرجال أشد من النساء» «مەن دۇنيادا ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ يامانراق بىر پىتنىنى قالدۇرۇپ قويمىدىم»[2].

ئەرلەر بۇنداق بولغان يەردە، ئۆزلىرىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن ئەقىللىرى مۇكەممەل يېتىلمىگەن ۋە دىن بىلەن تولۇق قوراللىنىپ بولالمىغان بالىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماقچى؟! ھالبۇكى، ئۇلارنى ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن نە ئەقىلنىڭ ھېكمىتى، نە ئىماننىڭ توسۇقى، نە الله كۆزىتىپ تۇرىدۇ دەيدىغان دىنىي ئاڭ توسۇپ قالالمايدىغان تۇرسا!

**❖ تۆتىنچى، جىنسىيەت ھەققىدىكى زۆرۈر بولغان مەلۇماتلارنى بالىغا بىلدۈرۈپ قويۇش**

بىز ئىلگىرى دادىنىڭ بالىلىرىنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن خىجىل بولۇشى دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، ئوغۇل-قىزلارنى بىر ياتاقتا يىغىپ قويماسلىق دېگەنگە ئوخشاش بىر

[1] سۈرە مائىدە 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىسىم مەسىلىلەرنى ۋە بۇنىڭ تەبىئىي بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئىدۇق.

لېكىن بۇ ئورۇندا دادىلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان يەنە بىر ئىش بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئىشلار ھەمدە ئوغۇل-قىزنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ھەققىدە سوئال سورىشىدۇر. ئەلۋەتتە بۇمۇ بالىنىڭ ئاسمان... لار توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادىنىڭ بۇ ھەقتە تەمكىنلىك بىلەن بالىسىنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى — توغرا بولغان تەلىم-تەربىيە ئۇسلۇبىدۇر.

شۇنىڭدەك، ئانىمۇ قىزىنىڭ ھامىلدارلىق، تۇغۇت ۋە بالا ئېمىتىش قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەمدە كۆپىيىش ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى لازىم. بۇ سوئاللارغا ئەقىلگە ئۇيغۇن جاۋاب بېرىش شەرئىي جەھەتتىن دۇرۇس. ئەگەر سورالغان سوئال شەرئىي ھۆكۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا بالىلارغا ئوچۇق جاۋاب بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرى جىما قىلىش، ھەيز، ھەيزدار ئاياللاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش، مەنىي ۋە ئۇنىڭ ئانا رەھمىدە شەكىللىنىشى ھەمدە بالا ئېمىتىش، بالا ئېمىتكۈچى ئاياللار، زىنا ۋە پاھىشە ھەققىدىكى ھۆكۈملەر ئوچۇق بايان قىلىنغان.

جىنسىيەت ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى — مۇئەييەن چەكتە كۇپايىلىنىش، ئېھتىياج چۈشكەندە چېچىلماستىن تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش، بەك چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق قىلىۋەتمەي، خىجىللىق ۋە راستچىللىق بىلەن جاۋاب

بېرىشتۇر.

دادا ياكى ئانا ئوغۇل-قىزىغا ئىككى جىنس ئارىسىدىكى جىنسىي ئالاقە، ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇت قاتارلىق ئىشلارنى ھايۋاناتلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىش ۋە گۈل-گىياھلاردىكى چاڭلىشىش ئەمەلىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە يېقىنلاشتۇرسا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، گۈللەر ئارىسىدا چاڭلىشىش بولمىسا مېۋە-چېۋە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش جىنسىي ئالاقە بولمىسا، ھامىلدارلىق ۋە تۇغۇتنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى بالىنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەك چوڭقۇرلاپ كەتمەستىن چۈشەندۈرۈپ قويسا بولىدۇ.

❖ بەشىنچى، ئوغۇل-قىزلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىش

بۇ بولسا بالىنىڭ جىنسىيەت تەربىيىسىدىكى ۋە يات جىنسقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىماسلىقتىكى ئاساسلىق رۇكۇن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار ئۆي لايىھىلىگەندە بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئوغۇل-قىزلىرى ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ھۇجرا تەييارلىشى لازىم.

ئوغۇل-قىزلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىش دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان قانۇنلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ بالىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدىكى ناھايىتى نازۇك بولغان پەيغەمبەرلىك تەلىماتىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مروا أولادكم بالصلاة وهم أبناء سبع سنين، واضربوهم عليها وهم أبناء عشر سنين، وفرقوا بينهم في المضاجع» «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، 10 ياشقا

كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار».①

بۇ خىل ئايرىۋېتىش بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى تەرەققىي قىلىشقا قاراپ مېڭىپ، بالا 10 ياشقا قەدەم قويغاندا باشلىنىدۇ. ئايرىۋېتىش — ئوغۇل-قىز بىر كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىق ۋە بىر يوتقاندا ياتماسلىق دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇنداق بولمىغاندا، ئىككىسى ئارىسىدا شەھۋەتنىڭ قوزغىلىپ قېلىشى ياكى بىر-بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قېلىشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئېهتىماللىقى بار. بۇ ھەقتە ئەللامە شاھ ۋەلىيۇللاھ دەھلەۋى مۇنداق دېگەن: «بالىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىشكە بۇيرۇلدى، چۈنكى ئۇ كۈنلەر بالىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىش كۈنلىرى بولۇپ، بىرگە يېتىش ئۇلارنى جىما شەھۋىتىگە ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم».②

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر يوتقاندا ئۇخلاش بالىلاردىكى جىنسىي شەھۋەتنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بالىلار شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەخلاقسىز ۋە خاتا بولغان جىنسىي ئازغۇنلۇق يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. يوتقان ئىچىدە نۇرغۇنلىغان جىنسىي خاتالىقلار يۈز بېرىدىغان بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بۇ خاتالىقلارنى سەزمەي قالىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپ ھالەتتە سەل قارىشى ۋە بالىلىرىنى بىر يوتقاندا قويۇشى پاك بالىلارنىڭ كېلەچىكىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «حجة الله البالغة» 1- توم 176- بەت.

چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ: «فرقوا» «ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار»[1] دېگەن. بۇگۈنكى غەربچە تەلىم-تەربىيىنى مانا بۇ تەڭداشسىز گۈزەل پەيغەمبەرلىك كۆرسەتمىلىرىگە سېلىشتۇرۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

**❖ ئالتىنچى، بالىنى نىكاھلانغانغا قەدەر ئىپپەتلىك بولۇشقا ئۈندەش**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَسْتَعْفِفِ الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّى يُغْنِيَهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَالَّذِينَ يَبْتَغُونَ الْكِتَابَ مِمَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا وَآتُوهُمْ مِنْ مَالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا لِتَبْتَغُوا عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَنْ يُكْرِهْهُنَّ فَإِنَّ اللَّهَ مِنْ بَعْدِ إِكْرَاهِهِنَّ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل-مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىگە مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)»[2].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] سۈرە نۇر 33- ئايەت.

اللہ تائالانىڭ ئىپپەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى مانا بۇ ناھايىتى ئېسىل روھىي تەربىيە چاقىرىقى روھ ۋە ئىرادىنى كۈچلەندۈرىدۇ ھەمدە ياشلارنىڭ قەلبلىرىدىكى جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلاردىن پەرىشتىلەر كەبى ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا دائىم خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىق ئاتا قىلىدۇ.

شەيخ ئابدۇللاھ ناسىھ ئۇلۋان (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بالىنىڭ نىكاھلىنىش مەزگىلى يېتىپ كەلگۈچە ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاش ئاساسىدا تەربىيىلىنىشى ـــ بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىپپەتلىك ۋە ئىززەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشى بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىتىشى زۆرۈر بولغان ئاساس ئۇستىگە قۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئاساسلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلايمىز:

1. نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەن ھامان ئۆيلىنىش.
2. نەپلە روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇش.
3. شەھۋەتنى قوزغىغۇچى ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش.
4. بوش ۋاقىتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش.
5. سالىھ كىشىلەرنى دوست تۇتۇش.
6. تىببىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش.
7. دائىم اللہ تىن قورقۇپ تۇرۇش.
8. كۆزنى ھارامدىن ساقلاش.
9. دىنىي چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش».[①]

① «تربية الأولاد في الإسلام» 2- توم 581- بەت.

شەيخ ئۇلۋان (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سۆزلىرىگە «بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش» نى قوشۇپ قويىمىز. چۈنكى، مۇكەممەل بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش شەھۋەتنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان كۈچلۈك يۈگەنگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك، ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئىپپەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىپپەت ئۈلگىلىرىنى يارىتىش لازىم. شۇندىلا ئۇلار چوڭ بولغاندا يېتىنلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ، نىكاھلىنىش پەيتى كەلگەندە نىكاھلىنىش ئارقىلىق شەھۋەتىنى تىزگىنلەپ تەمكىن، كەيپىياتى مۇقىم ۋە كۆڭلى خاتىرجەم ھالەتتە الله قا ئىبادەت قىلالايدۇ. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن، چۈنكى الله تائالا ئۇنىڭ دىنىنىڭ يېرىمىغا ياردەم بەرگەن تۇرسا؟!

ئاخىرىدا، باللارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولىدىغان جىنسىيەت خاتالىقلىرىنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، تەربىيىچىلەر بۇ تېمىغا ئېغىر-بېسىقلىق ۋە ھېكمەتلىك ھالەتتە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ جىنسىيەت خاتالىقى بالىلىرىمىز كەلگۈسىدە تېيىلىپ ماڭالمايدىغان تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. جىنسىيەت تەربىيىسىدىكى خاتالىقلىرىمىز سەۋەبلىك بالىلىرىمىزنىڭ قەلبلىرىنى زەھەرلەيدىغان ۋە ھەققە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولىمىز. ئى ھۆرمەتلىك تەربىيىچى! بۇ يامانلىقلاردىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىڭ.

## يەتتىنچى، بالىنىڭ ئىستىراھەت تەربىيىسىدىكى ھەققى

بالىلار دائىم ئويۇن ئويناشقا ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىستىراھەت تەربىيىسى — ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان تەربىيە قاتارىدىندۇر. ھەتتا بالىنىڭ ئويۇنغا بولغان ئامراقلىقى ئىلىم ئېلىش ۋە دەرس ئوقۇشقا بولغان ئامراقلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەمەلىي ھاياتلىقتا قارايدىغان بولساقمۇ بۇنىڭ جانلىق ئىپادىلىرىنى تاپىمىز، چۈنكى بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئىككىلىنىشكە بولغان مايىللىقى تەمكىنلىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئويناش ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلىش مۇھىتى ئالدىراڭغۇلۇق ۋە تەمتىرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشاش، ئىلىم ئېلىش ۋە دەرس ئوقۇش مۇھىتى ئېغىر-بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلغان ئىشى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە سۆزلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئويۇن قويۇۋاتقان ھەبەشلەرگە قارىماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكى ۋە ئويۇنغا ئامراقلىقى يۈزىسىدىن ئۇنى چەكلىمىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «رأيت النبي ﷺ، يسترني بردائه، وأنا أنظر إلى الحبشة يلعبون في المسجد، حتى أكون أنا التي أسأم، فاقدروا قدر الجارية الحديثة السن، الحريصة على اللهو» «مەن مەسچىتتە ئويۇن قويۇۋاتقان ھەبەشلەرگە قاراۋاتقاندا، پەيغەمبەر ﷺ زېرىككىنىمگە قەدەر ماڭا يەكتىكىنى دالدا قىلىپ بەردى. سىلەر يېشى كىچىك قىزنىڭ

ئويۇنغا ئامراقلىقىنى توغرا چۈشىنىڭلار» .[1] شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك بالىنى ئويناشتىن چەكلەش ۋە ئۇنى دائىم ئۆگىنىشكىلا مەجبۇرلاش ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇشىنى ۋە زېرىكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆگىنىشتىن قۇتۇلغانغا قەدەر تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ئويناش ۋە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ھەمدە بۇنىڭ بالىنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي تەرەپلىرىدە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رولىنىڭ بارلىقىغا تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ كۆپچىلىكى بىرلىككە كەلگەن.

بالىنى زېھنىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ساھەسىدىكى تەتقىقاتلاردا، ئويناشقا ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتلەر يارىتىپ بېرىلگەن بالىلارنىڭ بۇ پۇرسەتلەر تارتىۋېلىنغان باشقا بالىلارغا قارىغاندا ئەقىللىرىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئويناشنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، روھىي ۋە يېڭى ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن تەرەپلەردە تۈرلۈك پايدىلىرى بار.

تەپسىلىي بايان قىلماستىن پەقەت مىسال يولى بىلەن ئېيتىمىزكى، ئويناش ئارقىلىق ئارام ئېلىش ـــ بالىنىڭ تەشۋىشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئائىلە ئەزالىرىدىن ئىبارەت كىشىلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي تەرەپتىن ماسلىشىپ ياشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، تەشۋىشلىرى ئارىسىدىكى ھەرخىل مۇسابىقىلەر بالىنىڭ قەلبىدىكى تاجاۋۇزچىلىق تۇيغۇلىرىنىڭ چىقىرىلىپ تاشلىنىشىدا

[1] بۇخارى توپلىغان.

مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بالا ئويناش ئۈچۈن كۆپ جايلارغا بېرىپ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپتىكى ھەرخىل مۇھىتلارغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ ھەمدە ئىمارەتلەر، باغچىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل يېڭى ئورۇنلارنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئويۇنلار بالىنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» بولغان بولىدۇ.

يەككە ۋە جامائەت شەكلىدىكى خاتىرجەم ھالەتتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭمۇ تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە كۆپلىگەن پايدىلىق تەسىرلىرى بار. دېمەك، كۆڭۈل ئېچىش — نەپسىنى ھەمكارلىشىش ئاساسىدا تەربىيىلەيدۇ؛ مۇسۇلمان جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئەپۇچانلىقنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق روھىنى كۈچلەندۈرىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە بىلىم ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ.

## كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق تەربىيىلەش كۆرسەتمىلىرى

بىز ئىلگىرى بالىنىڭ جىسمانىي تەرەپتىن تەربىيىلىنىشى ھەققىدە سۆزلىگەندە، بۇ ھەقتىكى تەربىيە ھەققىدە بىرئاز توختالغان ئىدۇق. لېكىن بۇ ناھايىتى ئوچۇق ۋە مۇستەقىل بىر ھەق بولغاچقا، شەرىئەت بالا ئۈچۈن بۇ ھەقنى ھىمايە قىلىپ كەلگەن.

تۆۋەندە بالىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش تەرەپتىكى ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى ئاتا-ئانىلارغا تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمىز.

❖ **بىرىنچى، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل تۇغما**

**خاراكتېرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇ ھەقتە بالىلارغا ماسلىشىشى لازىم**

بالا بالىلىق مەزگىلىدە ئويۇندىن ۋە تەڭتۇشلىرىدىن ئايرىلىپ مەھرۇملۇق ھالەتتە ياشىماسلىقى لازىم. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىرگە ئارىلىشىپ ياشايدىغان ياخشى بالىلارنى تاللاپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا بۇ ھەقتىكى شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. مانا بۇ — ياخشى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بالىغا ئويناشتىن ئىبارەت ھەققىنى تولۇق بېرىش — بالىغا ئۆزلىرى دېيىشىۋالغان ئويۇندىكى ھەرخىل تەرتىپلەرنى، شۇ ئويۇندىكى قوماندانلىق ۋە ئەسكەرلىكنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئۆگىتىشتىن سىرت، بالىنىڭ ئوبرازىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. شۇ سورۇنغا قاتناشقانلار بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا جامائەت بىلەن پائال ھەمكارلىشىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالا موھتاج بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم.

ئىسلام شەرىئىتى بالىغا ئويناش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ بىر بالىنىڭ كىچىك قۇچقاچنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئويناشتىن چەكلىمىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بالىنىڭ قۇچقاچنى ئالماي قايتقىنىنى كۆرۈپ: «يا أبا عمير ما فعل النغير» «ئى ئەبۇ ئۇمەير! نۇغەير (كىچىك قۇشۇڭ) نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» [1] دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نامازدا سەجدە قىلىۋاتقاندا، ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالغان، ھەتتا ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتكۈچە پەيغەمبەر ﷺ سەجدە قىلىپ تۇرۇۋەرگەن. ئاندىن

[1] بۇخارى توپلىغان.

كېيىن: «إن ابني ارتحلني فكرهت أن أعجله حتى يقضي حاجته» «بۇ بالام (يەنى نەۋرەم) ئۈستۈمگە مىنىۋالدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتكۈچە بېشىمنى سەجدىدىن كۆتۈرۈشنى خالىمىدىم»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن ئوينىشىپ: «يا زوينب! يا زوينب! مرارا» «ئەركىلىتىپ، زەينەپچاق! زەينەپچاق!»[2] دەپ قوياتتى.

وعن أم خالد بنت خالد بن سعيد قالت: أتيت رسول اللّه ﷺ مع أبي وعلي قميص أصفر، فقال رسول اللّه ﷺ: <سنه سنه>، قال عبد اللّه: وهي بالحبشية حسنة، قالت: فذهبت ألعب بخاتم النبوة فزجرني أبي، فقال رسول اللّه ﷺ: <دعها>، ثم قال: <أبلي وأخلقي ثم أبلي وأخلقي ثم أبلي وأخلقي ...>».

بۇ ھەقتە يەنە خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ قىزى ئۇممۇ خالىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردىم. مېنىڭ ئۈستۈمدە سېرىق رەڭلىك كۆڭلەك بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— سەنەھ، سەنەھ، — دېدى. (ئابدۇللاھ <سەنەھ، سەنەھ> نى ھەبەشچە <چىرايلىق> دېگەنلىك بولىدۇ دېگەن) مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى ئويناشقا باشلىغانىدىم، دادام مېنى سىلكىشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىن! — دېدى. ئاندىن ماڭا:

— ئۇنى (كىيىمنى) كونىراپ يىرتىلغۇچە كىيگىن، ئاندىن ئۇنى كونىراپ يىرتىلغۇچە كىيگىن، ئاندىن ئۇنى كونىراپ يىرتىلغۇچە كىيگىن!

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] زىيائ توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ـــ دېدى...».[1]

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «كىچىك قىز بىلەن سۆز ياكى قىلىق ئارقىلىق ئوينىشىپ قويۇش، پەقەت شۇ ئارقىلىق ئۇلپەتلىشىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ». مانا بۇ ـــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باللارنىڭ خاراكتېرىگە ماسلاشقانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر. شۇڭلاشقا، بارلىق ئاتىلار بالىنىڭ كۆڭلىگە شاد-خۇراملىق ئېلىپ كېلىدىغان بۇ يولدا مېڭىشقا تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ بالىنىڭ ئويناشتىكى ھەققىنى بېرىش ۋە ئوينىشىغا ياردەم قىلىش ھەققىدە پسخولوگىيە ئالىملىرىغا ئەڭ ياخشى مىساللارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ بايانلىرى بالىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا ياخشى دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**❖ ئىككىنچى، بالىغا ياخشى كۆرۈش، مېھرىبانلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش ۋە كۆيۈنۈش ئاساسىدا ئوينىشىپ بېرىش**

بارلىق تەربىيىچىلەر ياخشى كۆرۈش، مېھرىبان بولۇش ۋە كۆيۈنۈش قاتارلىقلارنىڭ تەلىم-تەربىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ياخشى كۆرۈش ـــ بالىغا كۆيۈنۈش، ئۇنى سۆيۈش ۋە باغرىغا بېسىش ھەمدە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ئىپادىلەش قاتارلىق تەرەپلەردە ئەكس ئېتىدۇ.

گەرچە بالا كىچىك، زېھنى ئاجىز ۋە چۈشەنچىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

مېھرىلىك كۆلكە جىلۋىسىنى ھېس قىلالايدۇ، غەزەپلەنگەننى بىلەلەيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ ئىچ ئاغرىتمىسا، بالىنىڭ مېھىر-شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق دېگەنلەرنى ئۆگىنىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام شەرىئىتىمىز بالىغا مېھىر-شەپقەت قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى ئاتا-ئانا ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى ئۈستىگە بالىنىڭ ھەقلىرى قاتارىدىن قىلىپ بېكىتكەن.

ھاكىم ئۆزىنىڭ «مستدرك» ناملىق كىتابىدا سەھىھ سەنەد بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «من لم يرحم صغيرنا ويعرف حق كبيرنا فليس منا» «كىچىكلىرىمىزگە مېھىر-شەپقەت قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغانلار بىزدىن ئەمەس».

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ بالىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ھەسەن ھەققىدە: «اللَّهم إني أحبهما فأحبهما» «ئى الله! مەن بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن» [1] دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەقرەئ ئىبنى ھابىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەسەننى سۆيۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزىنىڭ 10 بالىسى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى بۇ ھەقكە سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: ‹من لا يرحم لا يرحم!› ‹رەھىم-

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ> دېگەن »[1] . دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ كىچىك بالىلارنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ ئېتىبارغا ئالغان.

پەيغەمبەر ﷺ ھۇسەيننى كۆپ سۆيۈپ قوياتتى، ھەتتا بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە كۆيۈنگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئېغىزىغىمۇ سۆيۈپ قوياتتى. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ، «ما رأيت أحدا كان أرحم بالعيال من رسول اللّٰه ﷺ» «ئائىلىسىدىكىلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىنمۇ رەھىمدىل بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم»[2]. ۋە يەنە بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇسەينگە مېھىر-شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا ئوينىشىپ بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئەركىلىتىپ تىلىنى چىقىرىپ بېرىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسى ــ بالىلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى ئەركىلىتىش، بىرگە ئويناش، ئۇلارغا مېھرىبان بولۇش ۋە كۆيۈنۈش ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى شاد-خۇراملىققا تولدۇرۇشى ئۇچۇن پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشتىن باشقا يولى يوقتۇر. مانا بۇ ــ ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرى تەلەپ قىلغان ۋە شەرىئەت بەلگىلىگەن بالىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

**❖ ئۈچىنچى، بالىغا مۇباھ ۋە چەكلەنگەن ئويۇنلارنى ئايرىپ بېرىش**

ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە شەرىئەتتە ئويناش دۇرۇس دەپ قارالغان ئويۇنلارنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى ۋە شەرىئەتتە ئويناش دۇرۇس بولمايدىغان

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئويۇنلاردىن بالىسىنى چەكلىشى ــــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى كۆڭۈل ئېچىش تەرەپلەردىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

**ئويناش دۇرۇس بولىدىغان ئويۇنلار**

1. ھېيت-بايرام ۋە ھەرخىل پائالىيەتلەردە نەيزە ئويناش ۋە نەيزە بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ مەسجىدىدە بۇ تۇردىكى ئويۇنلارنى ئويناشقا يول قويغان ۋە سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ئويۇنلاردىن ھۇزۇرلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. بۇ تۇردىكى ئويۇنلاردا باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق نامايان بولىدىغان بولۇپ، ئەگەر بۇنداق ئويۇنلار ئەخلاقسىزلىق ۋە نامەردلىكتىن خالىي بولسىلا، ئۇنى ئويناش ياكى ئۇنىڭ بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ تۇردىكى ئويۇنلارنى چوڭ باللارمۇ ئوينىسا بولىدۇ، ئەمما بىر-بىرىنى جاراھەتلەندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۆمۈر نەيزىلەرنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە ياغاچ كالتەكلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئوينىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئويۇنلارنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك مەسجىدىدە ئويناشقا رۇخسەت بەرگەنلىكى ــــ دىن بىلەن دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ۋە ئىبادەت بىلەن جىھادنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. دېمەك، نەيزە ئويناش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ــــ ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، تەييارلىق ۋە مەشىق قىلىش قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ تۇردىكى ئويۇنلار مىسىر شەھەرلىرىدە كۆپرەك تارقالغان. مىسىردا بۇ تۇردىكى ئويۇنلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ــــ

بۇ ئويۇنلار مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەخلاقسىز ۋە ھاياسىز ئويۇنلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. (ئەمەلىيەتتىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ بولدى)

2. يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىش.

بالىنىڭ ئۆزىگە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە روھىي جەھەتتىن خۇشاللىق ئېلىپ كېلىش مەقسىتىدە بۇ تۈردىكى ئويۇنلار بىلەن شۇغۇللىنىشى يوللۇق بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ بەزى سەپەرلىرىدە سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن خالىي ھالەتتە مۇشۇ تۈردىكى ئويۇننى ئوينىغانلىقى ھەمدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىچىك ۋاقتىدا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە بىر مۇددەت ئۆتۈپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەمرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم مۇسابىقىلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قاراپ: «هذه بتلك» «بۇ ئىلگىرىكىسى بىلەن تەڭلەشتى»[1] دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىش — قۇرئان، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ ئىجماسى (بىرلىككە كەلگەن قارىشى) بىلەن دۇرۇستۇر. دادا سەيلە-ساياھەتكە چىققاندا، بالىلىرىنى ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن مۇشۇنداق ھالەتتىكى جاپا-مۇشەققەتسىز ۋە ئاددىي بولغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشى ھەمدە يەڭگەن بالىلىرىغا رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن مۇكاپات بېرىشى ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئانىمۇ بالىلىرى بىلەن يۇقىرىقىدەك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئۆتكۈزسە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. شەرت شۇكى، سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەگەشكەن ھالەتتە، يات كىشىلەرگە ئارىلىشىشتىن، جاھىلىيەت ئايالىلىرىدەك ياسىنىشتىن ۋە ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان ھەدىستىكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلىرىنى سەپكە تىزىپ ئۇلارنى يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىشكە بۇيرۇپ ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسابىقىلىشىپ ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا ئاتقاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنى سۆيۈپ قويغانلىقى بۇ تۇردىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىل بولىدۇ.

3. چېلىشىش.

چېلىشىش ــ ئوغۇل بالىلارغا نىسبەتەن مۇباھ بولغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «وقد صارع النبي ﷺ رجلا معروفا بقوته يسمى ركانة فصرعه النبي أكثر من مرة وفي رواية : أن النبي صارعه وكان شديدا فقال شاة بشاة فصرعه النبي ﷺ فقال عاودني في أخرى فصرعه فقال عاودني في أخرى فصرعه النبي الثالثة فقال الرجل : ماذا أقول لأهلي شاة أكلها الذئب وشاة نشذت فما أقول في الثالثة فقال النبي ﷺ ما كنا لنجمع عليك أن نصرعك ونغرمك خذ غنمك» «پەيغەمبەر ﷺ رۇكانە دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى كۈچلۈك بىر كىشى بىلەن چېلىشقان بولۇپ، چېلىشىشتا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى بىرقانچە قېتىم يىقىتقان. يەنە بىر نەقىلدە ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ گە: <بىر قويدىن تىكىشەيلى> دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يەرگە يىقىتقان. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <يەنە بىر قېتىم قايتا چېلىشايلى> دېگەن،

پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يەنە يىقىتقان. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <يەنە چېلىشايلى> دەپ تۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۇچىنچى قېتىم يەرگە يىقىتقان. رۇكانە: <ئائىلەمدىكىلەر مەندىن قويلار قېنى دەپ سورسا ئۇلارغا نېمە دەيمەن، بىر قويىنىغۇ بۆرە يەپ كەتتى دېسەم، يەنە بىرىنى قېچىپ كەتتى دېسەم، ئۇچىنچى قوي ھەققىدە سورىسا نېمە دەيمەن؟> دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <بىز سېنى ھەرگىزمۇ چېلىشىشتا يېڭىش بىلەن بىرگە قەرزگە بوغۇپ قويمايمىز، قويلىرىڭنى ئېلىپ كەتكىن> دېگەن[1]». [2]

4. سۇ ئۈزۈش ۋە ئوق ئېتىش.

سۇ ئۈزۈش ۋە ئوق ئېتىش ـــ ئوغۇل بالىغا نىسبەتەن مۇباھ بولغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ارموا يا بني إسماعيل فإن أباكم كان راميا» «ئى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى! ئوق ئېتىڭلار! بوۋاڭلار ھەقىقەتەن مەرگەن ئىدى». بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «علموا أولادكم السباحة والرماية وأن يثبوا على الخيل وثبا» «بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىتىڭلار». [3]

بۇ تۇردىكى تەنھەرىكەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ھازىرقى زاماندىكى ياچاق ۋە يا ئوقى دەپ قارىلىدىغان ئەسۋابلار بىلەن مەشىق قىلسا بولىدۇ. بۇ تۇردىكى يېڭى ئەسۋابلار بالىلارنىڭ ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

---

[1] بۇ ئىش قىمار ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن قويلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

شۇنىڭدەك، سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىخەتەر بولغان دېڭىز ساھىللىرىغا بېرىش ئارقىلىق ياكى ئەدەپ-ئەخلاقىقا رىئايە قىلغان ۋە يات جىنسلارغا ئارىلاشمىغان ئاساستا، مەخسۇس سۇ ئۈزۈش ئورۇنلىرىغا بېرىش ئارقىلىق ئۆگەنسە بولىدۇ.

5. ھەرخىل قونچاقلارنى ئويناش.

مەخسۇس كىچىك قىزلارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن ياسالغان قونچاقلار قىزلارنى خۇشال قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇباھ بولغان ئويۇنچۇقلار قاتارىدىندۇر. سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرى بولغان، ئويۇنچۇقلىرى ئارىسىدا قونچاقلارمۇ بار ئىدى. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كنت ألعب بالبنات عند النبي ﷺ وكان لي صواحب يلعبن معي فكان رسول الله ﷺ إذا دخل ينقمعن فيسربهن إلي فيلعبن معي» «مەن كىچىكىمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا قونچاقلارنى ئوينايتتىم. مەن بىلەن بىرگە ئوينايدىغان بىرقانچە دوستۇممۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرسىلا تارتىنىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنىۋالاتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ چىقىپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇراتتۇق».[①]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس قىزلارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن قونچاق ۋە ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى ياساشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم — جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىشنى چەكلەش ھەققىدە كەلگەن ئومۇمىي ھۆكۈمدىن ئايرىپ قارالغان.

[①] بۇخارى توپلىغان.

قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) <دۇرۇس> دېگەن قاراشنى كەسكىن قوللىغان ۋە بۇ قاراشنى جۇمھۇر ئالىملاردىن نەقىل قىلغان. جۇمھۇر ئالىملار قىزلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئائىلە ئىشلىرىغا كۆنەدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان». [1]

رواية أبي داود أن النبي ﷺ قدم من غزوة تبوك، أو خيبر، وفي سهوتها ( أي : الصفة قدام البيت وقيل : بيت صغير منحدر قليلا في الأرض ) ستر، فهبت الريح فانكشف ناحية الستر عن بنات لعائشة، لعب، فقال: ‹ما هذا يا عائشة؟› قالت: بناتي ورأى بينهن فرسا له جناحان من رقاع، فقال: ‹وما هذا الذي أرى وسطهن؟› قالت: فرس. وقال: ‹وما هذا الذي عليه؟› قالت: جناحان قال: ‹فرس له جناحان؟› قالت: أما سمعت أن لسليمان خيلا لها أجنحة؟ فضحك حتى رأيت نواجذه»

ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك (ياكى خەيبەر) غازىتىدىن قايتىپ كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىنىڭ تەكچىسىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەردە شامالدا قايرىلىپ كېتىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قونچاق قىزلىرى ئېچىلىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟ ـــ دەپ سورىغان ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـــ قونچاق قىزلىرىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ قونچاقلار ئارىسىدىكى قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ:

ـــ ئۇنداقتا بۇ نېمە؟ ـــ دەپ سورىغان ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـــ ئۇ ئات، ـــ دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ ئاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرچۇ؟ ـــ دەپ سورىغان ئىدى، ئائىشە

[1] «الفتح البارى» 10 ـ توم 544 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئۇلار ئاتىنىڭ قاناتلىرى، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئاتىنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟ — دېگەندى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئاتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ مۇبارەك ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى.①

بۇنىڭدىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ئىشىنى ئىنكار قىلمىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

6. باشقا ھەرخىل تۇردىكى ئويۇنلار.

ئېلەكتىرونلۇق ئويۇنلار، ئىنتېرنېت ئويۇنلىرى، ئېلېكتىرونلۇق ئويۇنچۇقلار... ئويناش مۇباھ بولغان ئويۇنلاردىندۇر. سەييىدىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ گە ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى دوستلىرى بىلەن ئېلەكتىرونلۇق ئويۇنچۇقلار ئوينايتتى. دادا بولغۇچى بالىلىرى ئۈچۈن ئېلەكتىرونلۇق ئويۇنچۇقلارنى بىخەتەر قىلىپ بېرىشى لازىم. دېمەك، ئىش ئىنتايىن ئاساندۇر.

دادا بولغۇچى بالىلىرى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىش شارائىتلىرىنى كەڭرى قىلىپ بېرىشى ھەمدە بالىلىرىنىڭ ئاددىي، مۇناسىپ بولغان ئويۇنلارنى ئوينىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشى ۋە بالىلارنىڭ قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرىنى بىلمەس بولۇۋېلىشى لازىم.

دەرەخ، دەريا ۋە تاشلارغا ئوخشاش جانسىز شەيئىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ھەمدە شەكىللىرىنى ياساش دۇرۇس بولىدىغان كۆڭۈل ئېچىش

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پائالىيەتلىرىدۇر.

پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، سۇ توپى، چويلا توپ، تىكتاك توپ قاتارلىقلار ۋە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قاتارلىقلار ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن مۇباھ بولغان ئويۇنلارنى ئويناشمۇ دۇرۇس بولىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىندۇر.

مۇباھ بولغان ئويۇنلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھارام قىلىنغان ياكى مەكرۇھ بولغان ئويۇنلارنى كۆڭۈل ئېچىش باھانىسىدا ئويناشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ.

### ئويناش چەكلەنگەن ئويۇنلار

شىشىخال ئويناش ـــ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ: «من لعب بالنرد فقد عصى اللّه ورسوله» «كىمكى شىشىخال[1] ئويناىدىكەن، ئۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزىگە، ھەمدە بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ نەقىلىدىكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «من لعب بالنردشير فكأنما صبغ يده في لحم خنزير ودمه» «كىمكى شىشىخال ئويناىدىكەن، ئۇ قولىنى چوشقىنىڭ گۆشى ۋە قېنىدا بويىغاندەك بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن شەرىئەتتىكى ھارام قىلىنغان ئويۇنلار قاتارىدىندۇر.

شىشىخال ئويناشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە سەلەف ـ سالىھلار ئىتتىپاققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى شىشىخالنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىجمانى نەقىل قىلغان. شاھمات شىشىخالغا قىياس قىلىنىدىغان بولۇپ، شاھمات ئويناشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىمام

---

[1] بىر خىل قىمار ئويناش ئەسۋابى بولۇپ، سۆڭەك، چاقچۇق، ياغاچ ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردا كۆپ شەكىلدە قىلىپ ياسىلىدۇ.

[2] بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مالىك، ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئالىملار ئوچۇق تېكىست كەلتۈرگەن. ئىمام شافىئىي (رەھىمەھۇللاھ): «شاھمات ئويناشنى مەكرۇھ» دېگەن. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «شاھمات شىشىخالدىن يامانراقتۇر» دېگەن. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ھەقىقەتەن شاھمات قىماردۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) ئىبنى ئەبۇ ھاتەمدىن «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھمات ئويناۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ: ‹سىلەر نېمىشقا بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالدىڭلار؟ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ چوغنى ئۆچۈپ قالغۇچە تۇتۇپ تۇرۇشى، بۇلارنى تۇتۇپ تۇرغىنىدىن كۆپ ياخشىدۇر›» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

شۇڭلاشقا، دادا بولغۇچىلار بالىلىرىنى ئويۇنغۇچىلارنى گۇناھكار قىلىشتىن سىرت، ۋاقىتنى بىھۇدە زايە قىلىۋېتىدىغان بۇنداق ئويۇنلاردىن يىراق قىلىشى لازىم.

شۇنىڭدەك، بالىنىڭ بوكسچىلىق[1] ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان خەتەرلىك ئويۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. چۈنكى، بۇنداق ئويۇنلار ئۆلۈش ۋە يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە الله قا سەجدە قىلىدىغان يۈزنىڭ خورلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار، ئويناشنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان كۆڭۈل ئېچىشتىن بەكلا يىراقتۇر.

❖ **تۆتىنچى، بالىنى ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ھاياسىز سۆزلەر بولىدىغان**

[1] ئالىملار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «إذا قاتل أحدكم أخاه فليجتنب الوجه» «بىرىنى ئۇرماقچى بولساڭلار، يۈزىگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار!» دېگەن ھەدىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، ھازىرقى زاماندىكى بوكسچىلىق مۇسابىقىلىرىنى ھارام دەپ قارايدۇ. ــ تەرجىماندىن.

## ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرىدىن يىراق قىلىش

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىنى بىھۇدە ئويۇن ـ تاماشا، سەت گەپ، ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ھاياسىز سۆزلەر بولغان ئورۇنلاردىن يىراق قىلىشى ــ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىچىك بالا بىھۇدە ئويۇن ـ تاماشا، ناتوغرا ئىش ۋە ناخشا ـ مۇزىكا بار بولغان ھەمدە ھاياسىز، بىدئەت ۋە ناچار سۆز ـ ئىبارىلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق قىلىنىشى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ئەگەر بالا بۇلارنى ئاڭلاشقا ئادەتلىنىپ قالسا، چوڭ بولغاندا بالىنىڭ بۇلاردىن قۇتۇلۇشى قىيىن بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا بالىنى بۇ ئىشلاردىن قۇتقۇزۇۋېلىش تەسكە توختايدۇ».[1]

ناخشا ـ مۇزىكىلار ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى چوڭ گۇناھ ۋە ئېغىر جىنايەتلەرگە مۇپتىلا قىلىپ قويغاندىن سىرت، داۋالاش قىيىن بولىدىغان قەلبىنىڭ قېتىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، بالا كىچىك ۋاقتىدا ناخشا ـ مۇزىكىغا ئادەتلىنىپ قالسا، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئىسلاھ قىلىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ.

بالىنىڭ قەلبى ناخشىغا باغلىنىپ قالغاندا، بەزىدە ناخشا بالىنى بۇتپەرەسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقۇچىنى ئىلاھلىققا كۆتۈرۈپ، ياراتقۇچىسى اللە نى ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقى تەجرىبىلەردە ئىسپاتلانغان.

بۇ ھەقتە ئۇستاز رىزا سەمەدى مۇنداق دېگەن: «تەقرىبەن 15 يىل

---

[1] «تحفة المودود بأحكام المولود» 169 ـ بەت.

ئىلگىرى بىر دوستۇم يەتتە ياشقا توشمىغان بىر بالىنى يېنىمغا ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا: ‹بۇ بالا مايكىل جېكسونغا مەستانە بولۇپ قالغان بىر ئائىلىدىن بولۇپ، بۇ بالا ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، ناخشا-مۇزىكىلىرىنى تولۇق تىڭشاپ بولغان› دېدى. ئاندىن كېيىن مەندىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىشنى تەلەپ قىلىپ، مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. ئۇ ماڭا: ‹ئەگەر سىز بۇ بالىدىن (بۇ بالا نامدا مۇسۇلمان ئىدى) اللە نى بەكرەك ياخشى كۆرەمسەن ياكى مايكىل جېكسوننىمۇ؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ئەلۋەتتە ئاجايىب بىر جاۋابنى بېرىدۇ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىدىن مۇشۇ سوئالنى سورىغان ئىدىم، بالىنىڭ مايكىل جېكسون ھەققىدە كۆپرەك سوئال سورۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئايان بولدى، ئۇ بالا ئادەمنىڭ ھوشىنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان ۋە ئەقىللەر گاڭگىراپ قالىدىغان دەرىجىدە بىر جاۋابنى بەردى.

بالاغەتكە يەتمىگەن بۇ بالىنىڭ ‹مەن مايكىل جېكسوننى اللە تىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن› دېيىشى بالىنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئەمما گۇناھ، بۇ بالىدا ئاياللارچە قىلىقلارنىڭ ۋە پەسكەشلىكنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەز-خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان كىشىلەرگە بولىدۇ. مانا بۇ — كاپىر ۋە پاسىقلارنىڭ سۆيىقەستىگە سەل قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر». [1]

شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەت ناخشا-مۇزىكىنى ھارام قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ**﴾ «بەزى كىشىلەر بىلمىسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە اللە نىڭ

---

[1] «٣٠ طريقة لخدمة الدين» 284- ۋە 285- بەتلەر.

يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[①].

ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر، ئىكرىمە، مەيمۇن ئىبنى مىهران، مەكهۇل، ھەسەن بەسرى، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادە قاتارلىقلار «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ناخشا ـ مۇزىكا»[②] دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى سالاھ ۋە ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلغان.

ھەدىستىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەمدە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ھۆكۈملەر كەلگەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليكونن من أمتي أقوام يستحلون الحر والحرير والخمر والمعازف ...» «ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇلار زىنا، يىپەك، ھاراق ۋە چالغۇلارنى ھالال دەپ قارايدۇ...»[③].

ئۇلار زىنانى ھالال ۋە مۇباھ دەپ قارايدۇ. «المعازف» بولسا، «معزفة» نىڭ كۆپلۈكىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى ــ «چالغۇ ئەسۋابلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى چالغۇ ئەسۋابلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ھاياسىز ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە تۆت مەزھەب ئالىملىرىنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلغان.[④]

ئاتا ـ ئانىلار ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بالىلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىشلىرى لازىم. چۈنكى، بالىنىڭ

---

[①] سۈرە لوقمان 6 ـ ئايەت.

[②] قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القران» ناملىق كىتابى 14 ـ توم 52 ـ بەت.

[③] بۇخارى توپلىغان.

[④] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» ناملىق كىتابى 11 ـ توم 576 ـ، 577 ـ بەتلەر.

ھارام نەرسىلەر ئۇستىدە ئۆسۈپ يېتىلمەسلىكى ــ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. بۇ ئەسۋابلارنىڭ ئىنسان قەلبىدە پەيدا قىلىدىغان خەتەرلىك زىيانلىرى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللارنى ۋە ھاراقنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان مۇھەببەت شېئىرلىرى، بۇلارغا قوشۇلۇپ ھاياسىز ئۇسۇل كۆرۈنۈشلىرى ھەمدە نامەھرەم ئەر-ئاياللارنىڭ ناشايان ئىشلىرى، ئۇنىڭدىن سىرت كۆپلىگەن بۇزۇقچىلىقلار ئىنسان نەپسىنى پىتنىگە تاشلايدىغان ئىنتايىن ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئىشلار قاتارىدىندۇر.

❖ **بەشىنچى، مۇباھ بولغان نەشىدىلەر**

ھەربىر كىشى، بولۇپمۇ دادا بولغۇچى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قەبىھ ئىشلارنىڭ ئورنىغا، بالىنىڭ روھى كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشى لازىم. بىز بۇنىڭدىن مۇباھ بولغان نەشىدىلەر ياكى «حداء» دەپ ئاتىلىدىغان ناخشىلارنى مەقسەت قىلىمىز. «حداء» ــ مۇڭلۇق ئاۋازدا سوزۇپ ئېيتىلىدىغان نەشىدىنىڭ بىر تۈرى.

ئى سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن! تۆۋەندە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئېيتىپ بېرىشى ۋە ئۆگىتىپ قويۇشى ياخشى دەپ قارىلىدىغان بىر قىسىم نەشىدىلەرنى سۇنىمىز:

«الله »

قارا، ئاۋۇ بۇك باراقسان دەرەخكە،
قانداق بولۇپ يەتتى كۆركەم ھالەتكە،
ئۇنىگەن ئەسلى كىچىككىنە ئۇرۇقتىن،

بۇگۈن يەتتى مېۋىسى ھەر تەرەپكە.

قارا، كۆكتە چاقناپ تۇرغان قۇياشقا،
كىم ئۇچقۇنغا ئوخشاش قىلدى ھاۋادا،
قارا ئايغا تۈندە چىقار سۈپسۈزۈك،
كىم ئۇنى باق ھەيۋەت قىلدى سامادا.

كىم ئاسماننى زىننەتلىدى نۇر بىلەن،
ياقۇت كەبى چاقنىغان يۇلتۇز بىلەن،
كىم چوڭ، ئېگىز، ھەيۋەت قىلدى تاغلارنى،
دېڭىزلارمۇ ھەيۋەت دولقۇنلار بىلەن.

شامالنى كىم بەرپا قىلدى، سۇنى ھەم،
بۇلۇتلارمۇ ماڭار ھەريان دەممۇدەم،
كىم چۈشۈردى يامغۇرلارنى قىپ تامچە،
قانداق بولۇپ بوستان بولدى چۆل بىنەم.

قارا باغقا تۇرار گۈللەر چېچەكلەپ،
چېچەكلەردە ئەركىن ئوينار كېپىنەك،
قاناتلىرى ئوخشار ئەينى يىپەككە،
قارا قانداق پەيدا بولدى ھاشارات.

قارا دوستۇم ساڭا كۆزنى كىم بەردى،
ئەقىل، پىكىر، سالاپەتنى كىم بەردى،
بۇدۇر پەقەت الله قىلغان ئىنايەت،
بارچىسىنى سەنچۈن ئېھسان قىپ بەردى.

ئۇ تولىمۇ قۇدرەتلىك ۋە كۆيۈمچان،

بەندىسىگە زەپمۇ رەھمان مېھرىبان،
ئىبادەت قىل ئۇنى دائىم ئۇلۇغلا،
ئاسىي بولما رەببىڭگە سەن ئەي ئىنسان.

«يەرمۇك»

قوشاقلار توقۇلدى يەرمۇك ھەققىدە،
قۇرئاندا ئېلىندى ھەتتاكى قىسسە.

جەرراھنىڭ ئوغلى قىلىچنى ئالدى،
قىلىچ ھەم ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولدى.

مەغلۇب بوپ يىقىلدى باتىلمۇ ئەنە،
ئەسىردۇر رۇملۇقلار قان يىغلار يەنە.

دەمەشىق قورغىنى فەتىھ قىلىندى،
تەكبىرلەر ئىچىدە قايتا ئېلىندى.

جىبرىئىل بايراقنى كۆتۈرگەن چاغدا،
ھەق بايراق جەۋلان قىپ تۇردى سامادا.

ئاتا-ئانىلار يۇقىرىدىكى مۇباھ بولغان نەشىدىلەر ۋە مۇھىم نەسىھەتلەر ئارقىلىق بالىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدىكى بالىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت ھەقلىرىنى ساغلام خاراكتېرگە ئۇيغۇن ۋە پاك ئىسلام شەرىئىتى تەلەپ قىلغان بويىچە ئېلىپ بارغان ھەمدە ئەخلاقسىز ۋە قەبىھ بولغان ھەرخىل ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىشلاردىن، كۆپىنچە ھالەتلەردە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ناچار كۆڭۈل ئېچىشلاردىن يىراق ھالەتتە ئادا قىلغان بولىدۇ.

# سەككىزىنچى، بالىنىڭ ئۆگىنىش تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققى

پاك ئىسلام شەرىئىتىمىز ئاتا-ئانىلارغا بالىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال بىلىشى زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگىتىشنى ۋاجىب قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن بۇ ۋاجىبنى ئورۇندىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار»[①].

قۇرتۇبى (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: [بىر قىسىم ئالىملار: «الله تائالانىڭ ﴿قُوا أَنْفُسَكُمْ﴾ <ئۆزۈڭلارنى ساقلاڭلار> دېگەن سۆزى، باللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، باللار ئاتا-ئانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار باللىسىغا ھالال-ھارامنى بىلدۈرۈشى ۋە باللىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق قىلىشى ھەمدە ئۇلارغا ھەرخىل ئەھكاملارنى ئۆگىتىشى لازىم» دېگەن. قۇشەيرى (رەھىمەھۇللاھ): «الله تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾ <ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار>[②] دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ، ئۆزىمىزنىغۇ دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزارمىز، ئەھلى-ئەۋلادلىرىمىزنى قانداق قۇتقۇزىمىز؟> دەپ سورىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹تنهونهم عما نهاكم اللّه، وتأمرونهم بما أمر اللّه› <ئۇلارنى، الله سىلەرنى توسقان ئىشلاردىن توسۇڭلار ۋە الله سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشلارغا

[①] سۈرە تەھرىم 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە تەھرىم 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇيرۇقلار>①» دېگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەقتە: «بىز ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىمىزغا دىن، ياخشىلىق ۋە ئۇلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك» دېگەن]. ②

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ بۇردەدىن، ئۇ دادىسىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ثلاثة لهم أجران: رجل من أهل الكتاب آمن بنبيه وآمن بمحمد، والعبد المملوك إذا أدى حق اللّٰه وحق مواليه، ورجل كانت عنده أمة، فأدبها فأحسن تأديبها، وعلمها فأحسن تعليمها، ثم أعتقها فتزوجها فله أجران» «ئىككى ھەسسە ئەجىر ئالىدىغان كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد ﷺ گە ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتاب؛ ئىككىنچىسى، الله نىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇل؛ ئۈچىنچىسى، بىر كىشىنىڭ دېدەكى بار بولۇپ، ئۇ كىشى دېدەكىنى ياخشى تەربىيىلەپ ۋە ئىلىم ئۆگەتكەن، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ ئۆز نىكاھىغا ئالغان كىشىدۇر».③ ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسكە «ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دېدەكى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىش بابى» دەپ نام قويغان.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا بالىلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كل مولود يولد على الفطرة فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه كمثل البهيمة تنتج البهيمة هل ترى فيها جدعا» «خۇددى ھايۋان بالىسىنى تۇغقاندا ساغلام تۇغقاندەك، ھەر قانداق بالا تۇغۇلغاندىلا ئىسلامنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەت

---

① ھاكىم توپلىغان.
② قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القران» ناملىق كىتابى 18 ـ توم 181 ـ بەت.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلەن تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئۇ بالىنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ۋە ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ يېتىلدۇرىدۇ. سىلەر ھايۋاننىڭ بالىلىرىنى چولاق تۇغۇپ قويغىنىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟». [1]

بۇ ھەدىس ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئىسلامنىڭ چۈشەنچىلىرى، ئەقىدىسى ۋە ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشكە سەل قاراپ، ئۇلارنى باتىل ۋە بۇزۇق پىكىرلەرگە تەييار ئولجا قىلىپ تاشلاپ بەرگەندە، ئاتا-ئانىلارنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ خاراكتېرىنى ساغلام ۋە سۇزۈك ھالەتتە مۇھاپىزەت قىلىشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر بالا بۇ ساغلام خاراكتېردىن بۇرۇلۇپ كەتسە، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى شەكسىز ئاتا-ئانىلارغا يۈكلىنىدۇ.

**❖ فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ بالىلارغا تەلىم بېرىش ھەققىدىكى نەسىھەتلىرى**

قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ دەلىللىرى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئۆگىتىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىدەك، فىقھشۇناس ئالىملار ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئۆگىتىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

- بىرىنچى، شافىئىي مەزھىبىدىكى ئالىملار

ئەگەر (ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ) ئوغۇل بالا ئانىسىنى تاللىسا، كېچىسى ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. كۈندۈزى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇنىڭغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويۇشى ئۈچۈن دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

- ئىككىنچى، ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملار

ئەگەر (ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ) ئوغۇل بالا ئانىسىنى تاللاپ يەتتە ياشتىن كېيىنمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇ كېچىسى ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئەمما كۈندۈزى دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، چۈنكى دادىسى ئۇنى مەكتەپكە ياكى ھۈنەر-كەسپكە ئېلىپ بارىدۇ.

- ئۈچىنچى، مالىكى مەزھىبىدىكى ئالىملار

ئەگەر (ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ) ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولۇۋاتقان بولسا، دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويۇشى ئۈچۈن، ئۇ بالا دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن چەكلەنمەيدۇ. بالا ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى بالىغا ئىلىم ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش ھەمدە ئۇنى مەكتەپ ۋە ھۈنەر-كەسپلەرگە ئاپىرىپ بېرىش دادىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

شەرىئەت بالىنىڭ ئۆگىنىش تەرەپتىكى ھەققىنى قوغداش بىلەن بىرگە، بالىغا زۆرۈر بولغان دىن ۋە دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىشنى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب قىلغان.

شەرىئەت بالىنىڭ مۇشۇ ھەققىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قوغدىغان بولۇپ، ئەگەر ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرەرسى ئۆز كاپالىتىدە تۇرۇۋاتقان بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە سەل قاراپ قالسا، بالا ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنىپ بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

**❖ ئىلىم ئۆگىتىش جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيە كۆرسەتمىلىرى**

ئۆگىتىشىنىڭ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ۋاجىب بولغان ھەققى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق بولدى. لېكىن ئىسلام شەرىئىتى بەلگىلىگەندەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ ھەققە ئەھمىيەت بېرىشتىكى رولى قانداق بولىدۇ؟

بالىنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى ھەقلىرىنىڭ تولۇق ئاشكارا بولۇشى ئۈچۈن، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز. بۇ جاۋاب تۆۋەندىكى ئەڭ مۇھىم نەسىھەت ۋە كۆرسەتمىلەر ئارقىلىق بولىدۇ:

- بىرىنچى، بالىغا تىل ۋە سۆزلەشنى ئۆگىتىش

بالىغا تىل ۋە سۆزلەشنى ئۆگىتىش — ئۇنىڭ ئىسلامدىكى ئەڭ روشەن بولغان ھەقلىرىدىندۇر. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟ تىل — مۇسۇلماننىڭ سالاھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر. تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق الله قا ئىبادەت قىلىنىدىغان قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان. شەرىئەتنى ئۆگىنىش ۋاجىب بولغان ئىكەن، «ۋاجىبنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان ئىشنى قىلىشمۇ ۋاجىب» دېگەن قائىدە تىل ۋە سۆزلەشنى ئۆگىنىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەقەت ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا شەرىئەت ئىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەستۇر. شۇڭلاشقا، كىچىك بالىنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى — ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن كىشىلەر ئۈستىدىكى ۋاجىب بولغان ھەقلىرىدىندۇر.

ئەپسۇسلار بولسۇنكى، بىر قىسىم بالىلارنىڭ كاپىرلارنىڭ تىللىرىنى ئىشلىتىشتە كاپىرلارغا ئوخشىۋالىدىغان، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئالاھىدە بولۇۋالىدىغان، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى سۆزلىيەلەيدىغان تالانتىدىن

پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۇ تىل بىلەن سۆزلەش زۆرۈر بولمىسىمۇ، باشقىلارغا ئۇ تىل بىلەن مەقسىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتا-ئانىلىرىغا قارىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

تىل — بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب تىلى — مۇسۇلمانلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ تىلدىن ۋاز كېچىش ياكى باشقا تىل بىلەن سۆزلەش لايىق ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «إياكم ورطانة الأعاجم، وأن تدخلوا على المشركين يوم عيدهم في كنائسهم، فإن السخط يتنزل عليهم» «چۈشىنىكسىز يات تىللار بىلەن سۆزلىشىشتىن، ھېيت-بايرام كۈنلىرى مۇشرىكلارنىڭ چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى الله نىڭ غەزىپى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ».[1]

تىل ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ تىلىنىڭ راۋان چىقىشى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى ۋە پاساھەتلىك سۆزلىگۈچىلەرنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد ﷺ نىڭ سۆزلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىر قىسىم تېكىستلەرنى تاللاپ بېرىشى ھەمدە بۇنى ئۇلارغا دائىم تەكرارلىتىپ تۇرۇشى لازىم. ئاتا-ئانىلار «المرسية»، «التيتة»، «الأنكل»، «المدام» ... گە ئوخشاش يات، ئۆزگىرىپ كەتكەن سۆزلەردىن ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادىمىيلىكنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ چىرايىنى يىرگىنىشلىك

[1] «اقتضاء الصراط المستقيم مخالفة أصحاب الجحيم» 183 - بەت.

كۆرسىتىپ قويىدىغان سۆز-ئىبارىلەردىن بالىلىرىنى پۈتۈنلەي يىراق قىلىشى لازىم.

بالىنىڭ ئاۋام خەلق سۆزلىشىدىغان يەرلىك شىۋىنى ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا، بالىغا دەسلەپتىلا ئۆلچەملىك توغرا تەلەپپۇزدا سۆزلەشنى ئۆگىتىش، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن تىلدىن ئۆگىنىپ قالغىنىنى قايتا توغرىلاشتىن ياخشىدۇر.

بالىلارنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش — بالىلارنىڭ سۆزلەشنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان ۋاسىتىلەردىندۇر. ئەگەر دادا بولغۇچى دائىم قۇرئاننى بالىسىنىڭ يېنىدا ئوقۇيدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۇنۇمى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ؛ ئەگەر بالا قىسسىگە ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇپ بەرسە، بالىنىڭ پاساھەتلىك سۆزلەش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئاشىدۇ. پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىدىن: «سەن قانداق قىلىپ پاساھەتلىك سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇڭ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى: «مەن ھەر كۈنى جاھىزنىڭ كىتابىدىن 50 بەتنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، شۇنىڭ بىلەن پاساھەتلىك سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ئۆگىتىشى ھەمدە بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەرەب تىلىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش ۋە ئۇنى قوغداشنى سىڭدۈرۈشى — بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر، چۈنكى ئەرەب تىلى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت قان تومۇرىدۇر.

• ئىككىنچى، بالىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش

بالىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقىغا مەنپەئەتلىك بولغان ھەرقانداق

كىتابلارنى بىمالال كۆرەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشى — بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، ئوقۇش — بىلىشنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋاسىتىسىدۇر. پەيغەمبەرلىك ئۇزۇلۇپ ئۇزۇن مەزگىلدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ كەلگەن ۋەھيي «ئوقۇش» ھەققىدە بولغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾ «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[1]. بۇ ئايەتتە ئىلىمنىڭ ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلىنغان ھەمدە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ۋاسىتىسى ۋە ئاچقۇچىنىڭ ئوقۇش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

دادا بولغۇچى بالىسىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشكە مەسئۇل. پەيغەمبەر ﷺ ئىسلامنىڭ سەبىي غۇنچىلىرىنىڭ ئوقۇغان، مەدەنىيەتلىك ۋە ئاڭلىق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بەدر غازىتىدىن كېيىنلا مۇشرىكلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ (يەنى بەدر غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ) ھەربىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىدىن 10 بالىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن ئەسىرلىكتىن قويۇپ بېرىشكە قوشۇلغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بالىلارنى ئوقۇتۇش — ھايات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر، شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ساۋاتسىز قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەتتا بالىلارغا ھەق ئالىدىغان مۇئەللىملەر تەكلىپ قىلىنىدۇ» دەپ قارىغان.

قۇرتۇبى (رەھىمەھۇللاھ) الله تائالانىڭ ﴿الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ﴾ «ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى»[2] دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق

[1] سۈرە ئەلەق 1- ئايەت.

[2] سۈرە ئەلەق 4- ئايەت.

دېگەن: «قەتادە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە: <قەلەم ــ الله تائالا تەرەپتىن ئىنسانلارغا بېرىلگەن كاتتا بىر نېئمەتتۇر. ئەگەر قەلەم بولمىغان بولسا، دىن بەرپا بولمىغان ۋە ھاياتلىق ئىسلاھ بولمىغان بولاتتى. الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلار بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى بىلىمسىزلىك قاراڭغۇلۇقىدىن ئىلىم نۇرىغا چىقارغانلىقى، الله تائالانىڭ كامالىي مەرھەمىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېزىش ئىلىمدە الله تىن باشقىسى بىلىپ بولالمايدىغان كاتتا مەنپەئەت بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرغان>».①

بۇ ئايەت، ئوقۇش بىلەن يېزىشنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، الله تائالا سۈرىنىڭ دەسلىپىدە ئوقۇشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئۇ الله ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى» دېيىش ئارقىلىق يېزىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ نېئمەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، دادا بولغۇچى بالىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھالەتتىكى خېتى ئوچۇق ۋە چوڭ يېزىلغان قىسسە رىۋايەتلەر سۆزلەنگەن كىتابلارنى تەييارلاپ، بالىسىغا كىچىك بىر كۇتۇپخانا تەييارلاپ بېرىشى لازىم. دادا بولغۇچى بۇ قىسسىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ۋە ئۇنى تاللاش شەرتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. دادا بولغۇچى ئەڭ دەسلەپتە بالىسىغا ماسلىشىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى ئوقۇپ بېرىش ۋە بالىسىنى ئوقۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن، بالىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە قىزىقتۇرغۇچى مۇكاپاتلارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى راۋان سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، قىسسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەققىدە

① قۇرتۇبىنىڭ «الجامع لأحكام القران» ناملىق كىتابى 20- توم 107- بەت.

ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشى ۋە بالىغا شۇ قىسسىلەر ھەققىدە قەلەم بىلەن پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم.

شۇنىڭدەك، بالىلارنى ئىلىم-مەرىپەت، ئوقۇش ۋە كىتاب كۆرۈشنى ياخشى كۆرۈش ئېڭى ئاساسىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش — تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ ئۇستىگە ۋاجىبتۇر. دېمەك، بالا بۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا ئىلىم-مەرىپەتنى ياخشى كۆرۈش سىڭدۈرۈلگەن ئاساستا چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چوڭ بولغاندا ئوقۇش ۋە كىتاب كۆرۈشتە قىينالمايدۇ.

- ئۈچىنچى، بالىغا قۇرئان كەرىم ئۆگىتىش

بىز ئىلگىرى بالىنىڭ ئەقىدە تەربىيىسىدىكى ھەققىنى سۆزلىگەندە، قۇرئان كەرىمنىڭ بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەقىدىنى مۇستەھكەم ئورنىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك سەۋەب ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. بۇ ئورۇندا بولسا، قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش بالىنىڭ ھەقلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىمىز. دېمەك، قۇرئان كەرىم بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەپەككۇر قىلىش ۋە يەكۈنلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەت، ئەھكام، قىسسە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بالىنىڭ ئەقىل ۋە تەپەككۇر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئۇنى يادقا ئېلىش ھەققىدە بىر قانچىلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇ ھەدىسلەردىن بىرىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تعلموا كتاب اللّٰه وتعاهدوه وتغنوا به،

فوالذي نفسي بيده لهو أشد تفلتا من المخاض في العقل» «اللە نىڭ كىتابىنى ئۆگىنىڭلار، ئۇنى تاشلىماي ئوقۇپ تۇرۇڭلار، جېنىم قولىدا بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇ قۇرئان ئىنساننىڭ ئېسىدىن باغلاقتىن قاچقان تۆگىدىنمۇ تېز قاچىدۇ». ①

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە «‹تعلموا كتاب اللّه› — ‹ئۇنى يادقا ئېلىڭلار ۋە ئۆگىنىڭلار›، ‹وتعاهدوه› — ‹ئۇنى تەكرارلاپ تۇرۇڭلار›، ‹وتغنوا به› — ‹ئۇنى غەمكىن قىياپەتتە ۋە دىلنى ئېرىتكۈدەك چىرايلىق ئوقۇڭلار›، ‹وتغنوا به› دېگەن سۆزدىن ‹قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاھاڭدا غەزەل ئوقۇغاندەك ئوقۇش› مەقسەت قىلىنمايدۇ، قۇرئان كەرىم (ئىنساننىڭ ئېسىدىن) بوغاز تۆگىلەرنىڭ قېچىشىدىنمۇ تېز قاچىدۇ» دېيىلگەن. ②

شۇڭلاشقا، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىلىرىگە ماس ھالدا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، تولۇق ياكى بەزى سۈرىلەرنى يادقا ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىنى قىرائەت ئۇستازلىرىغا ئاپىرىپ بېرىش ئارقىلىق بالىسىغا قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالدۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈش جەھەتتىكى تەلىم ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. دادىنىڭ ئۆزىنىڭ قىرائەت قىلىشتىكى ماھارىتىگە ئىشىنىپ، بالىسىغا قۇرئاننى ئۆزى يادقا ئالدۇرۇشى توغرا ئەمەس. دېمەك، بالا قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيالايدىغان قارىي ئۇستازلارنىڭ قولىدا قۇرئان ئۆگىنىشى لازىم. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

گەر ئۆگەنسەڭ ئۇستازسىز ئىلىم،
توغرا يولنى تاپمىقىڭ قىيىن.

---

① ئەلبانىنىڭ «صحيح الجامع» ناملىق كىتابى 2964- ھەدىس.

② مەناۋىنىڭ «فيض القدير» ناملىق كىتابى 3- توم 255- بەت.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ھەدىيە بېرىشكە ئوخشاش ماددىي مۇكاپاتلار، سۆيۈپ قويۇش ياكى ئوغۇل ـ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا ماختاشقا ئوخشاش مەنىۋىي مۇكاپاتلار بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

• تۆتىنچى، بالىغا بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئىستىنجا قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى، تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللارنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى، ناماز ۋە ناماز ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان ئىشلار، روزا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئوخشاش ئۇلار موھتاج بولىدىغان ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشلىرى لازىم. ئانىمۇ بالاغەتكە يېقىنلاشقان قىزىغا ھەيز ۋە ھەيزدىن قانداق پاكلىنىشقا ئوخشاش ئاياللارغا ئالاقىدار ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشى، يەنە شۇنىڭدەك، ئائىلە ئىشلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەتتىكى مۇستەھەب ۋە مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويۇشى لازىم.[①]

• بەشىنچى، بالىغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ساھابىلەر ھاياتى ۋە كەسكىن جەڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرىش

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!) ھاياتىي كۆرۈنۈشلىرى ھەمدە ئىسلامدىكى ھەق بىلەن باتىل ئارىسىنى ئايرىغۇچى كەسكىن جەڭ تارىخلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش ــ بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنى ئۆستۈرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تالانتىلىق ۋە زېرەك بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

① دوكتور ئابدۇلكەرىم زەيداننىڭ «المفصل في أحكام المرأة وبيت المسلم» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 119 ـ بەت.

شەكسىزكى، بالىغا ئىش-ئىزلار ۋە تارىخلارنى ئۆگىتىش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىلمىي تەرەپتىن سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا بۇ ۋەقەلىكلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ غايە، نىشان ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى تۇرغۇزىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيىچىلەر بالىغا ھەقىقىي ۋە توغرا بولغان ئىش-ئىزلار ۋە خەۋەرلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىنچىكە ئىزدىنىشى ھەمدە بالىنىڭ ئېڭىدا ساپ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، بالىنى خۇراپاتلىق ۋە يالغان ئىسرائىل قىسسىلىرىدىن يىراق قىلىشى لازىم.

- ئالتىنچى، قىزلارغا دۇنيالىق ھۈنەر-كەسىپلەرنى ئۆگىتىش

فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن ئوغۇللارنىڭ ئۆگىنىشىگە ماس كېلىدىغان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمما قىزلار ئۆگىنىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، قىزلارمۇ ئوغۇللارغا ئوخشاشلا مۇھىم بولغان دىنىي ئىشلارنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە يىپ ئىگىرىش ۋە تاماق ئېتىش ھەمدە بۇنىڭدىن باشقا ئۆي ئىچىدىكى بىر قىسىم دۇنيالىق ئىشلارنى ئۆگىنىدۇ.

بۇ يەردە بىر سوئال پەيدا بولىدۇ. يەنى، قىزلار سىرتتىكى ھۈنەر ئۆگىتىپ قويىدىغان كىشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلەمدۇ؟

بۇ سوئالغا دوكتور ئابدۇلكەرىم زەيدان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «قىز بالىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سەمىمىي ئايالنىڭ يېنىدا ياكى ئىشەنچلىك ئاياللار تەرىپىدىن قىزلارغا مەخسۇس ئۆگىتىلىدىغان ئورۇنلاردا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، كېيىل بولغۇچىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن چىقىشى پرىنسىپ جەھەتتىن چەكلەنمەيدۇ. شەرت شۇكى، ئۇ قىز شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالەتتە كىيىنىپ چىقىشى ۋە بىرەر

پىتنىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ چىقىشىنى چەكلەيدىغان شەرئىي چەكلىمىلەرنىڭ بولماسلىقىدۇر.

ئەگەر ئۇ قىز سىرتتا ئۆگىنىدىغان ھۈنەر-كەسىپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان دوختۇرلۇق ۋە ياكى دورىگەرلىككە ئوخشاش دەسلەپكى تەييارلىق ئوقۇش بولۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ قالسا، قىزلارنىڭ بۇ كەسىپلەرنى ئۆگىنىشى پرىنسىپ جەھەتتىن چەكلەنمەيدۇ. شەرت شۇكى، بۇ ئىشلار شەرئىي تۈسنى ئالغان ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن، دادا ياكى قىزغا كېپىل بولغان كىشىلەر قىزنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، دوختۇرلۇق ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق دەرسلىكلىرىگە قىزنى ئەۋەتسە بولىدۇ».[1]

• يەتتىنچى، باللارنىڭ ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش

ئوقۇشنىڭ بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەربىيىچىلەر قول بارماقلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغىنىدەك، باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىرىنىڭمۇ مۇھىت، ئىرسىيەت، ئىلىم-مەرىپەت، مەدەنىيەت ساپا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ياخشى ئۇيلاپ يېتىشى كېرەك. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق بىر بالىغا شۇ بالىنىڭ ئەقلى ۋە چۈشەنچىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

مەسىلەن، بىر ئۆيدىكى ياكى بىر سىنىپتىكى ئىككى بالا، بىرلا خىل

---

[1] دوكتور ئابدۇلكەرىم زەيداننىڭ «المفصل في أحكام المرأة وبيت المسلم» ناملىق كىتابى 10- توم 121- ۋە 122- بەتلەر.

ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. بىر مەسىلىنى ئۇلارنىڭ بىرى ئاددىي نەزەرىيە بويىچىلا چۈشەنسە، يەنە بىرى جىسىم ياكى شەكىل ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق چۈشىنىشى مۇمكىن. ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ ئەقلىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرى قوللىنىلغاندا، ئېرىشمەكچى بولغان ئىلمىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنى ئوقۇتقاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك، مۇئەللىمدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر پەندىكى ئارتۇقچىلىقىنى بايقىيالايدىغان پاراسەت بولۇشى كېرەك. دېمەك، يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئوخشاشلا بەك مۇھىمدۇر.

بالىلار ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى بىلىش ـــ بالىنى قانداق مۇكاپاتلاش ۋە قانداق جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنى تەربىيىچىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر بالا بولۇپ، ئۇنى كۆپچەپ ماختاش ۋە مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىدە بار بولغان قابىلىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر بالا بولۇپ، پەقەت جازالاشتىن ئىبارەت تۈرنى قوللىنىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. جازالاش ـــ ئۇنى تەنقىد قىلىش يولى ئارقىلىق بولىدۇ. دېمەك، سىز ئۇنى تەنقىد قىلىپ قويسىڭىز، بۇ تەنقىد ئۇ بالىنىڭ ھوشيارلىقى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

• سەككىزىنچى، سالىھ ۋە تەقۋادار مۇئەللىمنى تاللاش

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا لاياقەتسىز مۇئەللىمنى تاللىشى بالىنىڭ

تەپەككۇرىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىلىمدىن ئىلگىرى ئىماننى ۋە ھەرقانداق ئىشتىن ئىلگىرى ئەدەپ-ئەخلاقنى ئورنىتىش ئۈچۈن، سالىھ ۋە تەقۋادار ئەر ياكى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن قالسىلا ئۇلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئەگەر ئوقۇتقۇچى ياخشى بولسا، بالىلارمۇ ياخشى بولىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى لاياقەتسىز بولسا، بالىلارمۇ ئوخشاشلا لاياقەتسىز بولىدۇ.

ساھابىلەر ۋە سەلەف-سالىھلار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) سالىھ ۋە تەقۋادار ئوقۇتقۇچى تاللاشنىڭ بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيىتىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بالىلىرىنى ئىلىم ئېلىشتىن ئىلگىرى ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىنىشكە يۈزلەندۈرگەن.

شۈبھىسىزكى، دىندارلىق ھەمدە دىن بىلەن ئەخلاقلىنىش لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ سۈپىتىدۇر. شۇنداقلا يەنە، ئوقۇتقۇچى ئەدەپلىك، ئەقىللىق، ئېغىر-بېسىق، ئەخلاق ئۆگىتىشتە تەجرىبىلىك، بالىلارنى يېتىشتۈرۈشكە ماھىر، كەمتەر، بوشاڭلىق ۋە ئاچچىقلىنىشتىن يىراق، بالىلارنىڭ ئالدىدا كىيىم-كېچەكلىرىنى رەتسىز ۋە ئۆلچەمدىن ئۇزۇن كىيىۋالمايدىغان، مەرد، تازىلىق ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، گەپ-سۆزدە يېقىملىق، ئۆزى زېرەك بولۇشى لازىم.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ئاداۋەتخور ئىسلام دۈشمەنلىرى سەلبىلەر ھۇجۇمىنى قوزغاپ، مۇسۇلمان بالىلارنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن رەزىل دىنسىزلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمان بالىلارغا كاپىر ۋە پاسىق مۇئەللىملەرنى تاللاپ بەرمەكتە ھەمدە بۇ كاپىر مۇئەللىملەرگە

بالىلارنى اللە نىڭ يولىدىن ۋە شەرىئىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان يېڭى دەۋر مەكتەپلىرىنى ئېچىپ بەرمەكتە. بۇ ئىشلار پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ نادانلىقىدىنلا بولغان بولۇپ، بىز بۇ سۆزلەرنى قارىسىغا ئېيتمايۋاتىمىز، بەلكى بۇنىڭغا دائىر دەلىل-پاكىتلار تولۇپ تۇرۇپتۇ.

1935- يىلى پوپ سىمۇئىل زۇۋەيمىر پەلەستىنىنىڭ «جەبەل زەيتۇن» دېگەن يېرىدە قۇرۇلتاي ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلتايغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئىشپىيونلۇق قىلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان بىر گۇرۇپپا ئادەملىرىنى توپلىغان. ئاندىن بۇ كاپىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇسۇلمان بالىلارنىڭ ئەقلى ۋە تەپەككۇرىنى ئازدۇرۇش ھەققىدىكى نىشانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا اللە بىلەن بولغان ئالاقىنى تونۇمايدىغان ۋە تونۇشنىمۇ خالىمايدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتىڭلار. سىلەر مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقاردىڭلار، لېكىن ئۇلارنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزەلمىدىڭلار. ئەمما، بۇ ئىشلىرىڭلار نەتىجىسىدە ئۇ يەرلەردە مۇستەملىكىنى خالايدىغان ۋە پىلانلىرىمىزغا ئۇيغۇن ھالەتتىكى ئەۋلادلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئەۋلادلار بۈيۈك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، راھەت-پاراغەت ۋە ھۇرۇنلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى پۈتۈن غېمى پەقەت شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشتۇر. يەنى ئۇلار ئوقۇسا شەھۋەت ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، مال توپلىسا شەھۋەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئالىي مەركەزلەرگە ئورۇنلاشسا شەھۋەت يولىدا ئورۇنلىشىدۇ ۋە شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدۇ».[1]

ئىسلامىي دۆلەتلەر كاپىرلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزلىرىگە پرىنسىپ

[1] ئابدۇللاھ ھىتەلىنىڭ «جذور البلاء» ناملىق كىتابى 75- بەت.

قىلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى تۈزۈشتە كاپىرلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىدىغان ئىچكى دۈشمەنلەردىن سالامەت قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىن بىرقانچە ئايەتنىمۇ توغرا ئوقۇيالمايدۇ.

مۇشۇنداق ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلىنىپ چىققان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فاكۇلتېتلار ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلامدىن پۈتۈنلەي يىراقتىدۇر. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتى لاياقەتسىز بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمىزكى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى بۇ قەدەر ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بالىنى ھىمايە قىلىدىغان ئاتا-ئانىدىن باشقا پۇختا ھىمايىچى يوقتۇر. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ئەقلىدىن پىكرىي جەھەتتىكى ناچار باكتېرىيەلەر تازىلانغانغا قەدەر بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشلىرى لازىم.

- توققۇزىنچى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەدرىجىي ئېلىپ بېرىش

بىر كىشىنىڭ زىرائەت ئۇرۇقىنى ئەتىگەندە تېرىپ، شۇ كۈنىلا ئۇرۇقتىن ھوسۇل ئېلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. بۇنداق ئىش مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى بۇ تەبىئەتتىكى ئىشلارنىڭ تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىگە خىلاپتۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ھەم تەدرىجىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى سىز ئىلىمنىڭ باشلىنىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئاخىرىغا يېتەلەيسىز. ماۋەردى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ ئاخىرىغا يەتكۈزىدىغان باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئۇنىڭ

ھەقىقەتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان كىرىش ئورۇنلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ھەرقانداق ئىلىم ئوقۇغۇچى ئىلىمنىڭ ئاخىرىغا يېتىش ئۇچۇن ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى، ھەقىقەتلىرىگە يېتىش ئۇچۇن كىرىش ئورۇنلىرىنى تېپىشى لازىم. ئىلىمنىڭ باشلىنىشىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئاخىرىنى ئوقۇماسلىق، كىرىش ئورنىدىن ئىلگىرى ھەقىقىتىنى ئىزدىمەسلىك لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ كىشى ئىلىمنىڭ ئاخىرىنى بىلەلمەيدۇ ۋە ھەقىقىتىنىمۇ تونۇيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلىسىز بىنا، كۆچەتسىز مېۋە بولمايدۇ».[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەدرىجىي ئېلىپ بېرىشنى ياخشى بىلىشى لازىم. چۈنكى، بۇ ــ بالىنىڭ ئەقلىي تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىگە سەمىمىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر.

- ئۈچىنچى، بالىنىڭ ئويناشتىكى ھەققىنى بېرىش

بالىنى بىر نەرسىگە مەجبۇرلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىش تەلىم-تەربىيىدىكى بىر تۈرلۈك ھېكمەتتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەربىيىچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى لازىم، چۈنكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش شەكىللەنگەندە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىنتايىن ئاسانغا توختايدۇ.

بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى رۇخسەت قىلىنغان ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن بولغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇنى ئوقۇتقاندا ئوقۇشتىن بىزار قىلىپ قويىدىغان ۋە ئوقۇشتىن نەپرەتلىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىپ بالىلارنى ئويۇنغا

[1] «أدب الدين والدنيا» 67 ـ بەت.

قويۇۋەتمەسلىكى ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككى خىل ھالەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق بولۇشى لازىم.

ئويناشنىڭ بەزىدە بالىنىڭ ھاياتىدا ياخشى بولغان تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، بىر بالا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تېكىستلىرىنى مەلۇم مىقداردا يادقا ئالسا ياكى سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنى تېزلا تېپىپ چىقالىسا، ئۇنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن يېرىم سائەت ئويۇنغا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا سەل قارىسا، جازالاش يۈزىسىدىن مەلۇم بىر كۈنى ئويناشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللانغاندا بالا ئويناشقا قىزىقىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئويۇنغا ئامراقلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. بالىغا نىسبەتەن بۇ دەۋردە ئويۇندىن باشقا ھەرقانداق ئىش قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ ئويىنىشىنى توسۇش بالىنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى چەكلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بۇنداق قىلىش بالىدا ئەقلىي جەھەتتىن كۆپلىگەن نورمالسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا پۈتۈن ئۆمرىدە بۇ نورمالسىزلىقنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشلارنى ياخشى ئويلىنىشى ھەمدە بالىسىنى ئوقۇتۇشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى سەۋەبلىك، بالىسىنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كېسەل قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

• ئون بىرىنچى، بالىنى تاماكا ۋە مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرگە ئوخشاش زىيانلىق نەرسىلەردىن چەكلەش ۋە روھلاندۇرغۇچى ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىشتىن چەكلەش، بولۇپمۇ ئوقۇش ۋاقىتلىرىدا شۇنداق قىلىش

تاماكا چېكىشتە دادىلىرىنى دورايدىغان بالىلارنى كۆردۇقكى، ئۇلار دادىلىرى يوق چاغلاردا تاماكا چېكىدۇ. بەزىدە ساۋاقداشلىرى ياكى كوچىدا بىرگە ئوينايدىغان بالىلارنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئەقلى بۇلغىنىپ، ھاياتى خازان بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە ھوشيار بولۇشلىرى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە، ئاتا-ئانىلار بالىسىدىن قۇۋۋىتى كۈچلۈك چاي ۋە قەھۋە دېگەندەك روھلاندۇرغۇچى ئىچىملىكلەرنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىشى لازىم. بالىغا مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىچىملىكلەرنى بېرىش ئومۇمىي ھالەتتە ياخشىدۇر. ئىچىملىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۈت ۋە سىيادان بىلەن بىرگە ھەسەل ئىچىشتۇر.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمىزكى، ئاتا-ئانىلار بۇ كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلغاندا، بالىنىڭ شەرىئەت بۇيرۇغان ئۆگىنىش جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ بالا ئۈممەتنىڭ شان-شەرىپىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەۋھىد كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش يولىغا تەييار ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

بالىنىڭ ئۆگىنىشتىكى ھەققىگە ئىسلام شەرىئىتى بەلگىلىگەندەك كۆڭۈل بۆلگەندە، مۇسۇلمان بالا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئىلىملىكلەر، مالدارلار راۋاجلىنىپ قۇت تاپۇر،
نادان، جاھىل، يوقسۇللار ئەپلەپ-سەپلەپ جان باقۇر.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىغا بىرىنچى بولۇپ دىنىي ئىلىملەرنى، ئاندىن قالسا مۇباھ بولغان دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا

بولىدۇكى، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئاتا-ئانىلار بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنى ئۆزلىرى ئوقۇتىدۇ ياكى ئوقۇتۇپ قويىدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. مانا بۇ — شەرىئەتتىكى ئەسلى قائىدىدۇر.

شۈبھىسىزكى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەھەتتىكى بۇ تەلىم-تەربىيە بالىنى بىرەر پىكىرگە مەجبۇرلىماستىن، اللہ نىڭ سەلتەنىتى ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، بالىنىڭ تۇغما تالانتىغا زىت كېلىدىغان خۇراپاتلىق، خاتا ئوي-پىكىرلەر ۋە تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى بالىغا يۈكلەپ قويىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن يىراق بولغان ھالەتتە بالىنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىنى ساغلام يېتىلدۈرىدۇ ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

## توققۇزىنچى، بالىنىڭ دەۋەت ساھەسىدە تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققى

اللە تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش ــ ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت ۋە دىن ئوغلانلىرىغا تاپشۇرۇلغان ئەڭ يۈكسەك ئىبادەتتۇر. بۇ دەۋەت بارلىق پەيغەمبەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ سەيىدى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ خاس ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ دەۋەت يەنە اللە نىڭ سالىھ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەۋلىيالار ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئەڭ روشەن ۋەزىپىلىرىدىندۇر.

بالىنىڭ دەۋەت ساھەسىدە تەربىيىلىنىشىدىكى ھەققى ــ ئۇنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىلمىي تەرەپلەردە ۋە ئىلگىرى سۆزلىنىپ ئۆتكەن تۇرلۇك تەلىم-تەربىيە ساھەلىرىدە تەربىيىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىنىڭ كۆپ روزا تۇتىدىغان، كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدىغان، بىلگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك ۋە ئىنتايىن باتۇر، يېگانە قەھرىمان، تەقۋادار ھەمدە ساغلام ئېتىقادلىق بولىشىلا يېتەرلىك بولمايدۇ، بەلكى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەربىيىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈشى لازىم. ئىلگىرى سۆزلەنگەن بارلىق تەربىيىلەرنىڭ نەتىجىسى بولسا اللە تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشتۇر.

بۇلاقنىڭ قۇرۇپ توختاپ قالماسلىقى ۋە دەۋەت زەنجىرىنىڭ ھەمىشە ئۈلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى اللە تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنىڭ ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ھەقلەر بالىلار ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇلار بالىلارنىڭ تەربىيىچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىنغان. شۇڭا، بۇ ھەقلەرنى پاك ئىسلام شەرىئىتى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

❖ **بىرىنچى، بالىنىڭ دەۋەت ساھەسىدە يېتىشىپ چىقىشتىكى ھەققى**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تەلىم-تەربىيىنىڭ غايىسى بالىنى دەۋەت ساھەسىدە يېتىشتۈرۈشتۇر. دەۋەت ساھەسىدە يېتىشىپ چىقىش بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە قىزىقتۇرۇلغان ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

ئىسلام ئۈممىتى، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالغان يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ زۇلۇم-سىتەملىرى ئاستىدا دەردىنى چېكىۋاتقان چېچىلاڭغۇلۇق، پارچىلىنىش ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ سەۋەبىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا، بالىلارنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى يىمىرىلىش، پارچىلىنىش ۋە قىيىنچىلىق ۋەزىيەتلىرىدىن دىنىنىڭ كەڭرىلىكىگە ۋە بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنى دوزاختىن جەننەتكە ئېلىپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان دەرىجىدە اللە تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلىنىپ چىقىشى ـــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر.

دادىنىڭ بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىش مۇھەببىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن بالىسىغا داۋاملىق ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى ـــ بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. نەتىجىدە، بالا كۆپ ئۆتمەيلا رېئاللىق ھەم ئۇنىڭدىكى يامان ۋە ناچار ئىشلارنى قانداق ئۆزگەرتىش ھەمدە بۇ ئىشتا اللە تائالانىڭ رازىلىقىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلايدۇ.

بالا بۇ ئىشلارغا مايىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانىلار بالىغا ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. شۇ ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىلار بالىنى دەۋەت يولىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى ۋە ياشلىرىدىن بولغان دەۋەتچىلەرگە باغلىيالايدۇ. شۇنداق قىلغاندا، بالىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، بالا ۋاقتىنى پايدىلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قارىتالايدۇ.

❖ ئىككىنچى، بالىنىڭ دەۋەتچىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشىدىكى ھەققى

بالا تەربىيىلىگۈچىنىڭ ئۆي ياكى مەسجىدتە بولسۇن، بالىنى دەۋەتچىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلاندۇرۇشى ــ بالىنىڭ دەۋەت تەرەپتە تەربىيىلىنىشىدىكى ھەقلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ مۇھىمى سەۋردۇر. بۇ ئەخلاق قۇرئان كەرىمدە لوقماننىڭ بالىسىغا قىلغان نەسىھىتىگە بىنائەن بايان قىلىنغان. الله تائالا بۇ ھەقتە لوقماننىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر»[1].

لوقمان دەسلەپتە بالىسىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا قىزىقتۇرغان، ئاندىن كېيىن ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئۈندىگەن. چۈنكى، كۆپىنچە ۋاقىتتا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىشلىرى ھەرخىل ئىمتىھانلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئىمتىھانلار ھەقىقىي راستچىللار ۋە ئىمانلىقلارنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ھەم مۇئمىنىنىڭ قەلبىدىكى ئىخلاسنى ئېچىپ بېرىدۇ.

رازىي مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئىمتىھانغا ئۇچرىغان ۋە الله تائالاغا ھەقىقىي قايتقاندىكى ئىخلاسى، ئۇنىڭغا مال-دۇنيا يۈزلەنگەندىكى ئىخلاسىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دەۋەتچىلەرنىڭ

[1] سۈرە لوقمان 17 ـ ئايەت.

دەۋەت ساھەسىدە مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ھەرخىل ئىمتىھانلارغا سەۋر قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن باشقىلارغا دەۋەت قىلىشقا يۈزلىنىشى ئايرىم بىر ھالەتتۇر. دېمەك، ئۇلار بۇ ئىمتىھان ۋە سىناقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇشلىرى لازىم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ ‹بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر›[①].

ئالىملار الله تائالانىڭ ﴿وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ‹ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر›[②] دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: ‹ئۇ (يەنى كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىش) ـــ الله تائالا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بېكىتكەن، بەندىلىرىگە ۋاجىب قىلغان، تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنىڭ تەرك ئېتىشىگە كەسكىن بۇيرۇق ئارقىلىق قەتئىي رۇخسەت بەرمىگەن ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر›».[③]

**❖ ئۈچىنچى، بالىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەنچىسى بىلدۇرۇلۇشتىكى ھەققى**

الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش يولىدا ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرى ۋە تەپەككۇرى سەۋەبلىك كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. ھېكمەتلىك دەۋەتچى ھەممە كىشىلەرگە

---

[①] سۈرە ئەسر 3 ـ ئايەت.

[②] سۈرە لوقمان 17 ـ ئايەت.

[③] مۇستاپا ئەدەۋىينىڭ «فقه تربية الأبناء» ناملىق كىتابى 204 ـ ۋە 205 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ بىلىدىغان ھەرقانداق سۆزىنى قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن سۆز قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ، ﴿وَلَكِنْ كُونُوا رَبَّانِيِّينَ﴾ «لېكىن رەببانى بولۇڭلار»[1] دېگەن سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «سەۋرچان ئالىملاردىن بولۇڭلار».[2]

دەۋەتچى دەۋەت جەريانىدا ھەرخىل كىشىلەرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىرى، جېدەل-ماجىرا قىلىدىغان مۇسۇلمان؛ يەنە بىرى، گەپ-سۆزلىرى قوپال ئەدەپسىز مۇسۇلمان؛ ئۇچىنچىسى، ۋەز-نەسىھەتلەر تەسىر قىلمايدىغان قەلبى قېتىپ كەتكەن كىشى؛ تۆتىنچىسى، ناسارا ياكى يەھۇدىي كاپىر دېگەندەك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىر-بىرىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ.

شۇڭلاشقا، بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، بۇنىڭغا تەيىنلەنگەنلەر ئاڭلىق ۋە ئىلمىي بولۇشى كېرەك.

بالىنىڭ ھەرخىل خاراكتېردىكى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان ۋە ھەرقانداق بىر كىشىگە شۇ كىشى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسلۇب بىلەن دەۋەت قىلالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، دەۋەت چۈشەنچىسىنى ئۆگىنىشى ــ ئەڭ ياخشى يولدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ

[1] سۈرە ئال ئىمران 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھەممام ئابدۇرەھىم سەئىدنىڭ «قواعد الدعوة الى اللّٰه» ناملىق كىتابى 40- بەت.

يامانلىقتىن توسىدىغان، اللە قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[1]. ئۈممەتنىڭ ياخشى ئۈممەت بولۇشى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشىغا باغلىق بولغاچقا، ئەگەر ئۈممەت اللە تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ۋاجىبنى تاشلاپ قويسا، ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۈممەت بۇ يولنى مۇستەھكەم تۇتقاندىلا، ئاندىن ياخشى ئۈممەت بولۇپ داۋاملىشالايدۇ.

«ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىب» دېگەن سۆزىمىز ھەرگىزمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەستۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە ئىمام جەسساس، غەززالىي، ئىبنى ھەزىم، نەۋەۋى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئالىملار ئىجمانى نەقىل قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ۋاجىبنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسەتلىرى ــ ۋاجىب بولغان ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ھارام بولغان يامانلىقتىن چەكلەش ۋاجىب؛ مۇستەھەب بولغان ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە مەكرۇھ بولغان يامانلىقتىن چەكلەش مۇستەھەب دېگەنلىكتۇر. جۇمھۇر ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۈممەتنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايىدۇر». ئەگەر بالا بۇلارنى ياخشى بىلىۋالسا، نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ۋاجىبنى ئادا قىلىشقا سەل قارىمايدۇ. لېكىن بۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئاڭلىق بولغان چۈشەنچە بىلەن تاماملىنىشى لازىم.

مەسىلەن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش كەلگۈسىدە تېخىمۇ چوڭراق يامانلىققا سەۋەب بولامدۇ-ياقمۇ؟ ئەگەر بۇ سەۋەبلىك

[1] سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلگۈسىدە چوڭ بىر يامانلىق يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولسا، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئىشى زىيان-زەخمەتلەر يوقۇلۇپ ياكى ئازىيىپ، پايدا-مەنپەئەت كۆرۈلگەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈلىدىغانلىقى بالىغا ياخشى ئۆگىتىلىشى لازىم. چۈنكى، الله تائالا بۇزۇقچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

بالىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىشىنى تاقەتنىڭ يېتىشىچە ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ــ بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. شۇڭلاشقا، بالا يامان ئىشنى قولى بىلەن ئۆزگەرتەلىسە، قولى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىسا، قەلبىدە ئۇ ئىشنى يامان كۆرىدۇ. ئاخىرقىسى ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من رأى منكم منكرا فليغيره بيده، فإن لم يستطع فبلسانه، فإن لم يستطع فبقلبه، وذلك أضعف الإيمان» «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنداق قىلالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشسۇن، ئۇنداقمۇ قىلالمىسا، قەلبىدە ئۇ ئىشنى يامان كۆرسۇن، مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر».[1]

بالىنىڭ ئۆز دەۋىتىنى ھېكمەتلىك ۋە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىشى ــ بالىنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى لازىم بولغان دەۋەت چۈشەنچىسىنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن »[1] . بالا دائىم ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ اللہ تائالانىڭ ﴿كُونُوا رَبَّانِيِّينَ﴾ «رەببانى بولۇڭلار»[2] دېگەن سۆزىنى تەپسىرلىگەندە قىلغان سۆزىنى ئېسىدە ياخشى ساقلىشى لازىم. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «سەۋرچان ئالىملاردىن بولۇڭلار».

دەۋەتچى، كىشىلەرنى بىرەر ئىشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى ۋە ھېكمىتى ئارقىلىق، تەكلىپ قىلىنىماقچى بولغانلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى لازىم. قەلبلەرنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۇلارنى ئىززەت-ئىكرام قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. چۈنكى، قەلبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىززەت-ئىكرام قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۆزلىرىگە ئازار بەرگەن كىشىلەرنى ئۆچ كۆرۈشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئەگەر مۇلايىملىق ۋە ھېكمەتلىك بولۇش ئاشكارا گۇناھ-مەئسىيەت قىلىدىغان ۋە ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىغان كىشىلەرگە مەنپەئەت بەرمىگەندە، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. لېكىن بۇ قاتتىق مۇئامىلە ئۇلارنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بىلىنگەنلىكتىن كېيىن ۋە ئۇلارغا چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلەر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدۇ.

### ❖ تۆتىنچى، بالىغا دەۋەت قىلىش ۋاستىلىرىنى ئۆگىتىش

مۇسۇلمان بالىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغۇچىلاردىن اللہ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىش ۋاستىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى — شۇ مۇسۇلمان

---

[1] سۈرە نەھل 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بالىنىڭ ھەقلىرىدىندۇر.

ﷲ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشنىڭ پەقەت خۇتبە سۆزلەش ۋە ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، بەلكى يەنە دىنىي لېكسىيىلەر، ماقالىلەر، ھەرخىل دەۋەت پلاستىنكىلىرى، كومپيۇتېر پروگراممىلىرى، سۈرەتلىك ۋە ئاۋازلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىغا ئوخشاش دەۋەتنىڭ كۆپلىگەن ئۇسۇللىرىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى بالىغا ئۆگىتىلىشى كېرەك.

دەۋەتنىڭ ھەرخىل ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ﷲ تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىشتا، بالا بالىلارغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەربىيىلىنىشى ۋە ئاتىسىنىڭ ئەمەلىي دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى كۆرۈشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا بولغۇچىنىڭ ھەرقانداق شارائىت ۋە ئۇسۇلدا دەۋەت قىلىش تەييارلىقى بولۇشى زۆرۈردۇر. مەسىلەن، ئەگەر بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ سومكىسىغا قارايدىغان بولسىڭىز، سومكىسىنىڭ تاتلىق-تۈرۈم، كىچىك رىسالە ۋە ئەرزان باھالىق كىچىك سوۋغات قاتارلىقلارغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز ھەمدە ئۇلار دەۋەتچىلەرنىڭ لېنتىلىرىنى، مەشھۇر قارىلارنىڭ قۇرئان كەرىم لېنتىلىرىنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ، يېنىدا ھەر ۋاقىت ئەتىرگە ئوخشاش خۇشبۇي نەرسىلەرنى ساقلايدۇ. مانا بۇلار ــــ دەۋەتچىلەرگە زۆرۈر بولغان ۋاسىتىلەردۇر.

بۇ دەۋەتچى ھېلىقى تاتلىق-تۈرۈملەرنى، باشقىلار بىلەن تونۇشۇشتا؛ رىسالىلەرنى، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ۋە ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشتا؛ سوۋغاتلارنى بولسا، لېكسىيە ۋە خۇتبىلەرگە قاتناشقۇچىلارنى دەۋەت قىلىشتا؛ ھېلىقى قۇرئان كەرىم لېنتىلىرىنى، ناخشا ئاڭلايدىغان كىشىلەرنى ناخشا ئاڭلىماسلىققا قايىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناخشا

لېنتىلىرىنىڭ ئورنىدا بولۇشى ئۈچۈن: خۇشپۇراق نەرسىلەرنى بولسا، راھەتسىزلىكنى ۋە دەۋەتچىنىڭ قىياپىتىدىن قورققۇچىلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئەگەر بۇ دەۋەتچى سىزگە سالام قىلسا، يېقىملىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولىسىز-دە، قۇلاقلىرىڭىز ئۇنىڭ ئاۋازدىن راھەتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاۋاز دەۋەتچىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدۇر. ناۋادا ئۇنىڭ ئىللىق چىراي ۋە گۈزەل سالام بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، قەلبىڭىز ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئېرىيدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىن قەلبلەر بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىدۇ.

بالىغا يەنە ھەقىقىي دەۋەتچىنىڭ دىنىنىڭ كۆرەشچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش لازىم. ھەقىقىي دەۋەتچى دېگەن، مەيلى ئۇ ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچى بولسۇن، ئىنژېنېر ياكى دوختۇر بولسۇن، ئالىم ياكى ئىلىم ئۆگەنگۈچى بولسۇن، شوپۇر ياكى يولۇچى بولسۇن، مۇقىم ياكى مۇساپىر بولسۇن، ئەمىر ياكى ئاددىي كىشى بولسۇن، رەئىس ياكى پۇقرا بولسۇن، ئائىلىسى بار ياكى بويتاق بولسۇن، نامرات ياكى باي بولسۇن، ساغلام ياكى كېسەل بولسۇن، كۆزى كۆرىدىغان ياكى ئەما بولسۇن، ئەزالىرى ساغلام ياكى كېسەل بولسۇن، كوچىدا ياكى ئۆيدە بولسۇن، ئۇنىۋېرسىتېتتا ياكى ئادەتتىكى مەكتەپتە بولسۇن، دۇكاندا ياكى ئاپتوبۇستا بولسۇن ۋە ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قايسىسىدا بولسۇن، ئۆزىنىڭ تىلى، قولى، جېنى، مېلى ۋە پۈتۈن بارلىقى بىلەن دىنىنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھالىتىدىن الله تائالانىڭ ﴿**قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە

ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر [162]. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن<[163]»① دېگەن سۆزى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇئارى بولسا، الله تائالانىڭ ﴿قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»② دېگەن سۆزىدۇر.

### ❖ بەشىنچى، بالىغا دەۋەتچىلەرنىڭ رولىنى ئەسلىتىش

مەسىلەن، 1000 كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان دەۋەتچى بالىنىڭ قىسسىسى. 10 ياشقا كىرگەن كىچىك بىر بالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قۇدەد ئىبنى ئەممار ئەسسۇلەمي ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بالىغا ئىسلامنى چۈشەندۇرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «أشهد أن لا إله إلا اللّه وأشهد أن محمداً عبده ورسوله» «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن. بۇ بالا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ گە: «<الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى> دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان 1000 كىشىنى باشلاپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بالا قەبىلىسى بەنى سۇلەيمگە قايتىپ، قەبىلىسىدىكى

① سۈرە ئەنئام 162- ۋە 163- ئايەت.
② سۈرە يۇسۇف 108- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەرنى كېچە-كۈندۈز الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، ئۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن 1000 كىشى مۇسۇلمان بولغان. بۇ بالا 900 كىشىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىپ، 100 كىشىنى قەبىلىسىنىڭ دەۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان. يول ئۈستىدە دەۋەتچى بالا قۇدەد ئىبنى ئەممار ئەسسۇلەمىي ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىققان كىشىلەر ئۇنى شۇ يەرگىلا دەپنە قىلىۋېتىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قاراپ ماڭغان. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كىرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن: «سىلەر كىم بولىسىلەر؟» دەپ سورىغان، ئۇلار: «بىز بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. پەيغەمبەر ﷺ: «ھېلىقى چىرايلىق، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بالا كەلمىدىمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بالا يولدا ۋاپات بولۇپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەر قانچە كىشى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «900 كىشى» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ بالا ماڭا <1000 كىشىنى باشلاپ كېلىمەن> دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى» دېگەندە، ئۇلار: «بىز قەبىلىمىزدە يەنە 100 ئادەمنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەلدۇق» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: «ئۇلارنىمۇ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن. الله تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن قۇدەد ئىبنى ئەممار ئەسسۇلەمىيگە رەھمەت قىلسۇن!

دەۋەت ساھەسىدە ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەلىم-تەربىيە چوغلىرىغا ئوت يېقىپ بولغىنىمىزدىن كېيىن، ئوچۇق قىلىپ ئېيتالايمىزكى، بالىنى دەۋەت ساھەسىدە تەربىيىلەش بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمىزكى، ئىسلام ئۈممىتى — پەقەت توغرا دىن

ئاساسىدا تەربىيىلىنىپ چىققان، پۈتۈن غېمى ھېكمەتلىك ئۇسلۇب ۋە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت ئارقىلىق دىنىنى تارقىتىش بولغان كىچىك ئەۋلادلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاساسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، ﷲ تائالا ئۇلارنى زېمىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە قىلىدۇ، بۇ بۈيۈك ئىسلام دىنىنى نۇسرەت ۋە تەمكىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىدۇ.

# كىتابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى

كىتابنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يېتىم، تېپىۋېلىنغان ۋە ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان مېيىپ بالىلارنىڭمۇ يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردا سۆزلەنگەن ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا شەرىئەتنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بالىلارنىڭ ھەقلىرىگە سەل قاراپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىلەرنىڭ قاتتىق سوئال-سوراق قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تېكىستلەر كەلگەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئىسلام شەرىئىتى بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك مەسئۇلىيەت يوقىلىپ كەتكەن بىر شارائىتتىمۇ ھەرقانداق خەتەرلەردىن تىنچ-ئامان ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، شەرىئەت مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مەنسىتمەسلىك ياكى كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىشىنى ھارام قىلغان ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش باراۋەر ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن.

دېمەك، پۈتۈن بالىلار بۇ ھەقلەردە باراۋەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايرىم ھالەتتىكى بالىلارغىمۇ (يەنى يېتىم، تېپىۋېلىنغان ۋە ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان مېيىپ بالىلارغىمۇ) باشقا بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ باشقا بالىلارغا قارىغاندا ئاجىز ھەم ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماسلىقىمىز ھەمدە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ۋۇجۇدىدىكى ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى قوزغىشىمىز لازىم. ئۈمىدكى، ئۇلارنىڭ بىرەرسى يېتىشكەن بۈيۈك ئالىم ياكى نامسىز

تەقۋادار ئابىد ۋە ياكى الله تائالا تەرەپكە دەۋەت قىلىدىغان ناتىق دەۋەتچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ئۆزى، دىنى، ئائىلىسى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

# خاتىمە

مەزكۇر خاتىمىدە تەتقىقات يىغىندىسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان بىرقانچە تۇرلۇك نەتىجە ۋە تەۋسىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**❖ بىرىنچى، تەتقىقات يىغىندىسى**

1. بالا مەنىيلىك ھالەتتىن ئىلگىرىكى باسقۇچتا، ئۇنىڭ ئۇچۇن سالىھ ئانا ۋە سالىھ دادىنىڭ تاللىنىشى ــ بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

2. بالا تۆرەلمىلىك ھالەتتە ئۇنىڭ ئانىسىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈنۈشى ــ بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

3. بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى سۈتتىن ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئەقىقىسىنى قىلىش، چېچىنى چۈشۈرۈش، چىرايلىق ئىسىم قويۇش، ئانىسىنى ئېمىش ۋە خەتنە قىلىش قاتارلىقلار ــ بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

4. بالا سۈتتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئىستىراھەت، ئوقۇش ۋە دەۋەت قاتارلىق ئىسلامىي تەلىم-تەربىيىدىكى ھەققى ــ بالىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىندۇر.

**❖ ئىككىنچى، نەتىجىلەر**

1. بالىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەقلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ۋە خىلمۇخىل ئىكەنلىكى.

2. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ جىسمانىي ھەقلىرى بىلەن

مەنىۋى ھەقلىرىگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.

3. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ رولىنىڭ ئەھمىيىتىگە مەركەزلەشكەنلىكى.

4. ئىسلام شەرىئىتى بەلگىلىگەن بالىغا خاس ھەقلەرنى يېڭى ئىلىم-پەن تەتقىقاتى كۈچلەندۈرگەنلىكى.

5. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بالىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى.

### ❖ ئۈچىنچى، تەۋسىيەلەر

1. تۇغۇلغان ھەرقانداق بالىغا ھۆكۈمەتتىن ياردەم خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىدا بار بولغان قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. بۇنداق قىلىش — باشقىلارنى نەسلىنى كۆپەيتىشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تناكحوا تناسلوا، فإني مباه بكم الأمم يوم القيامة» «نىكاھلىنىڭلار، نەسىل قالدۇرۇڭلار، چۈنكى مەن قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلار بىلەن باشقا ئۈممەتلەر ئالدىدا پەخىرلىنىمەن».[1]

2. بالىلارنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا تەلەپپۇزدا سۆزلىشىگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، مەكتەپلەرگە زامانىۋىلاشقان ئاۋازلىق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ بېرىش.

3. مائارىپ مىنىستىرلىقى بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىكى بالا تەربىيىلەش مەنھەجى بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، شۇ ئوقۇتقۇچىلارنى مۇشۇ مەنھەجنى ئەمەلىي

---

[1] بەيھەقى توپلىغان.

تەتبىقلاشقا تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۇلارغا بۇ جەھەتتىكى رولىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشى لازىم.

4. بالىلارنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق ئۇستىدە تەربىيىلىنىشىگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، تەشۋىقات مىنىستىرلىقى رادىئو ياكى تېلېۋىزورلاردا بالىلارغا خاس دىنىي پروگراممىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ — ھەرخىل تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ۋاستىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى نەمۇنە كۆرسىتىش، قىسسە سۆزلەپ بېرىش ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

5. يېزا-كەنت ۋە مەسجىد دېگەندەك ئورۇنلاردا زامانىۋىلاشقان كىچىك گۇرۇپپىلار تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى دىندار قارى ياشلارغا تاپشۇرۇش. ئۇلارغا ئىلھاملاندۇرۇش يۈزىسىدىن مائاش ئاجرىتىپ بەرسە ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل مۇكاپاتلار بىلەن تەقدىرلىسە ھېچقانداق چەكلىمە يوقتۇر.

6. ھەربىر ئاتا-ئانا ئۆيىدە بالىسىغا ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ ۋە مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كىتابلار بىلەن بىر كۇتۇپخانا تەييارلاپ بېرىشى لازىم. بۇ كىتابلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە جەلپ قىلارلىق بولۇشى ۋە بۇنىڭغا قوشۇپ بالىلارغا خاس بولغان دىنىي پلاستىنكىلار بولۇشى لازىم.

7. تەتقىقاتچىلارنى پەرزەنت تەربىيىلەشتە مەسجىدنىڭ رولى ھەققىدە كىتاب يېزىشقا تەشەببۇس قىلىش.

كىتابىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، الله تائالادىن بۇ

ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى ۋە بىزدىن ئۆتكەن ھەرقانداق خاتالىق ياكى سەۋەنلىك ۋە ياكى ئۇنتۇپ قېلىشنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىنى سورايمىز. شەك-شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇر.


تربية الطفل
حقوق الطفل في الشريعة الإسلامية
پەرزەنت تەربىيىسى
پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرى